« ئۇچقۇندىن يانغىن چىقىدۇ » ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرى

# ئۇچقۇن

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

1999 - يىلى 4 - ئاي
1 - سان
(ئومۇمى 3 - سان)
گېرمانىيەدە نەشر قىلىندى

ھەپتىلىك سىياسى -
ئىلمى گېزىت
Eastern Turkistan
Information Center

## گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى فىشېر

## بۇرۇكسەلدە شەرقىي تۈركىستان

## ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلدى

ئۆزمۇخبىرىمىز خەۋىرى: بۇيىل 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى باش شتابى بېلگىيەنىڭ پايتەختى بۇرۇكسەلدىكى ياۋروپا پارلامېنتى بىناسىدا ياۋروپا بىرلىكىگە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى يىغىنى ئېچىلىۋاتقان بىر پەيتتە، مەركىزى گېرمانىيەدىكى « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » بىلەن « دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى » بىرلىكتە ياۋروپا پارلامېنتى بىناسى ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزدى.

(داۋامى 2 - بەتتە)




## ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسى ھەققىدە ئېلان قىلغان دوكلادىدا، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ئالاھىدە تىلغا ئېلىندى

ئۆزخەۋىرىمىز: ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىگى بۇيىل 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، خىتاينىڭ 1998 - يىلىدىكى ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسى ھەققىدىكى مەخسۇس دوكلاتىنى ئېلان قىلدى. 62 بەتلىك بۇ دوكلاتتا، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دىكتاتور بىر دۆلەت ئىكەنلىگى، پۈتۈن دۆلەت ۋە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنى كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ماناپول قىلىۋالغانلىقى ۋە پۇخرالارنىڭ سىياسى ھەق - ھوقۇقلىردىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالغانلىقى ئوچۇق بايان قىلىنغان. يەنە شۇنداقلا بۇ دوكلاتتا، خىتايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەر - جەھەتتىن خىتايلارنىڭ بېسىم ۋە كەمسىتىشىگە ئۇچراۋاتقانلىقى بايان قىلىنغان. ( داۋامى 4 - بەتتە)

## خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە 10 نەپەر مۇجاھىتىمىزنى ئۆلۈم جازاسىغا، 55 نەپەر مۇجاھىتنى تۈرلۈك جازالارغا ھۆكۈم قىلدى

قازاقىستان « ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى » نىڭ رەئىسى قەھرىمان غۇجامبەردى خەۋەر قىلىدۇ: « ئىلى ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى » نىڭ باشلىقى ئاقان سادىربېگنىڭ بەرگەن قارارى ۋە « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇرى خەلق سوت مەھكىمىسى » نىڭ تەستىقلىشى بىلەن، بۇيىل 1 - ئاينىڭ 25 - ، 27 - ۋە 28 - كۈنلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىلى ۋىلايىتىنىڭ غولجا شەھىرى، قورغاس ۋە ئىلقا ناھىيىلىرىدە ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنلىرى ئېچىلىپ، 10 نەپەر مۇجاھىدىمىزنى ئۆلۈم جازاسىغا، 55 مۇجاھىدىمىز تۈرلۈك ئېغىر جازالارغا ھۆكۈم قىلىندى. (داۋامى 3 - بەتتە)

## « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » ۋەكىللىرى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ گېرمانىيە شۆبىسى چاقىرغان « ئىنسان ھەقلىرى مۇھاكىمە يىغىنى » غا قاتناشتى

ئۆز خەۋىرىمىز: بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى گېرمانىيە شۆبىسىنىڭ « 99 - يىللىق ئىنسان ھەقلىرى مۇھاكىمە يىغىنى »، بۇيىل 3 - ئاينىڭ 20 - كۈندىن 21 - كۈنگىچە گېرمانىيىنىڭ فرانكفورت شەھرىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇقېتىمقى يىغىنغا، 50 دىن ئارتۇق دۆلەتتىن كەلگەن ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، «خىتاي دېموكراتىك مىللى بىرلىك سېپى» ۋە «ئىچكى موڭغۇلىستان ئازاتلىق جەمىيتى» نىڭ ۋەكىللىرى، شەرقىي تۈركىستان تەرەپتىن بولسا، «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا » باشچىلىقىدىكى 4 نەپەر شەرقىي تۈركىستانلىق ۋەكىل تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. ( داۋامى 3 - بەتتە )

## گېرمانىيەدىكى ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى تاڭ جياشۈەنىڭ گېرمانىيەگە زىيارەتكە كەلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزدى

- ئۆزمۇخبىرىمىز خەۋىرى: 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى گېرمانىيىنىڭ باش مىنىستىرى شرۆدەر، باش مىنىستىرلىق بىناسىدا گېرمانىيەدە زىيارەتتە بولۇۋاتقان خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى تاڭ جياسۈنى قوبۇل قىلىپ كۆرۈشۈۋاتقان بىر پەيتتە، مەركىزى گېرمانىيەدىكى «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ ئەزالىرى بون شەھىرىدىكى گېرمانىيە باش مىنىستىرلىق بىناسى ئالدىدا خىتايغا قارشى نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزدى. (داۋامى 2- بەتتە)

## ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسى ھەققىدە ئېلان قىلغان دوكلاتىدا، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ئالاھىدە تىلغا ئېلىندى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ يۇقارقى دوكلاتىدا يەنە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى يۈرگۈزۈۋاتقان زۇلۇم ۋە تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتى ۋە ئۇيغۇر رايونىدىكى ۋەقەلەر ئۈستىدە ئالاھىدە توختۇلۇپ مۇنداق دېيىلگەن:

**«جۇڭگو ھۆكۈمىتى سۆزدە، تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئۆزگىلىق يارىتىپ بېرىشنى، ھەر جەھەتتىن ئۇلارغا كەڭچىلىك قىلىشنى ۋەدە قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇلار كۆپ ھەقلەردىن مەھرۇم ھالەتتە ياشاۋاتىدۇ. ئۇيغۇر رايونلىرىدا خىتاي ئاققۇنلىرىغا پۈتۈن ئىمكانلاردىن پايدىلىنىش ھوقوقى بېرىلگەن. لېكىن ئۇيغۇر ۋە تىبەت قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ھەر جەھەتتىن كەمسىتىشكە ئۇچراۋاتىدۇ. خىتاي چوڭ مىللەتچىلىكى بۇ رايوندىكى نارازىلىقلارنىڭ ئاساسلىق سەۋەپلىرىدىن بىرى بولسىمۇ، ئەمما جۇڭگو ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ۋە تىببەتتەك رايونلاردا خىتاي مىللەتچىلىكىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئوچۇق ئېتىراپ قىلمايدۇ».**

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىگىنىڭ دوكلاتىدا، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر رايونىدا ئېلىپ بارغان ئىقتىسادى ئىسلاھات سىياسىتىدىن ئاساسەن بۇ يەردىكى خەزىنىلەرنىڭ پايدىلىنىۋاتقانلىقى، بۇخىل پەرىقلىق سىياسەت تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر رايونىغا تىخىمۇ كۆپ خەنزۇلارنىڭ كېلىپ يەرلەشكەنلىكى بايان قىلىنغان.

دوكلاتىدا يەنە، **«خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ خەۋرىگە قارىغاندا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھېچقانداق سەۋەپ كۆرسەتمەي 10 مىڭلاپ ئۇيغۇرنى تۇتقۇن قىلغان، تۈرمىلەرگە تاشلانغان بۇ ئۇيغۇرلار چىدىغۇسىز ھالدا قىيىن - قىستاققا ئېلىنغان. بولۇپمۇ بەزىلىرى ئاشكارە ھالدا، يەنە بەزىللىرى بولسا مەخپىي ھالدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن»** دېيىلىدۇ.

دوكلاتتا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر رايونىغا كۆپلەپ خىتاي كۆچمىنى يۆتكىشى نەتىجىسىدە، بەزى شەھەرلەرنىڭ تونۇغۇسىز ھالغا كېلىپ قالغانلىغى بايان قىلىنىپ، مۇنداق دېيىلگەن:

**«مەسىلەن، بۇرۇن نوپۇسىنىڭ 100 دە 80 پىرسەنتىنى ئۇيغۇرلار ئىگەللەيدىغان ئۈرۈمچى شەھرىدە، بۈگۈن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 100 دە 20 دىنمۇ ئازىيىپ، خىتايلارنىڭ سانى 100دە 80 دىنمۇ ئېشىپ كەتكەن. شۇنداقلا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر رايونىدا ئېلىپ بارغان ئاتوم سىناقلىرى، بۇ رايوننىڭ موھىتىنى بۇلغاپ، نۇرغۇنلىغان كىسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولىشىغا سەۋەپ بولغان. بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ چوڭ مىللەتچىلىك سىياسىتى تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇر رايونىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىقتىسادى ئىسلاھات سىياسىتىدىن پەقەتلا خىتايلار پايدىلىنىۋاتىدۇ. دەرۋەقە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى كەمبەغەل دېھقانلاردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ تۆتتەن بىرقىسمىدىن كۆپرەكى ساۋاتسىز. ئۇيغۇر رايونىدىكى توقۇنۇشلار ئاساسەن جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن سىياسىتى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقماقتا، ئەمما جوڭگو ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر رايونىدا بۇ سىياسەتكە قارشى چىققانلارنى ھەرخىل بەتناملارنى چاپلاپ ئىنساپسىزلارچە باستۇرماقتا».**

**مۇشتەرىلىرىمىز دىققىتىگە:**

سەۋىيىمىز ۋە ۋاقتىمىزنىڭ چەكلىك بولۇشى تۈپەيلىدىن گېزىتىمىزدە بەزى نۇقسانلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي، شۇڭا مۇشتەرىلىرىمىزنىڭ تۈزىتىپ ئوقۇشىنى ئۈمىت قىلىمىز. گېزىتىمىزنىڭ سۈپىتىنى يەنىمۇ يۇقۇرى كۆتۈرۈشتە سىزلەرنىڭ تۈرلۈك تەكلىپ - پىكىرلىرىڭلارغا مۇھتاجمىز، شۇڭا بۇ ھەقتە بىزبىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىشىڭلارنى ئارزۇ قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن: «ئۈچقۇن» گېزىتى تەھرىر بۆلۈمى

## خىتاي ھۆكۈمىتى ئاساسى قانۇنىنى ئۆزگەرتمەكچى

خىتايچە چىقىۋاتقان « بېيجىڭ باھارى » ژورنىلىنىڭ بۇيىل 4 - ئايلىق سانىدىكى خەۋىرىنىڭ مەزمونىغا ئاساسلانغاندا، بۇيىل 3 - ئايدا چاقىرىلغان خىتاينىڭ 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى 2 - قېتىملىق نومومى يىغىنى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى كومۇتېتىنىڭ بۇيىل 1 - ئاينىڭ 30 - كۈندىكى يىغىنىدا ئېلىنغان خىتاينىڭ ئاساسى قانۇن لاھىيسىگە تۈزۈتۈش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپ لاھىيسىنى، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزى كومۇتېتىنىڭ كۆنتەرتىۋىگە كىرگۈزۈشنى قارار قىلدى.

خىتاينىڭ ھازىر يولغا قويۇۋاتقان ئاساسى قانۇنى 1982 - يىلى ماقۇللانغان بولۇپ، ئۇنىڭ بەزى ماددىللىرىغا 1988 - ۋە 1993 - يىللىرى ئىككى قېتىم تۈزۈتۈش كىرگۈزۈلگەن ئىدى. بۇ قېتىم خىتاينىڭ ئاساسى قانۇنىدىكى تۆۋەندىكى 6 خىل مەزمونغا تۈزۈتۈش كىرگۈزۈلىدىغانلىقى بىلدۈرۈلدى:

1 - ، ئاساسى قانۇننىڭ مۇقەددىمە قىسمىغا دىڭ شياۋپىڭنىڭ نەزىرىيىسى كىرگۈزۈلىدۇ، يەنى، دىڭ شياۋپىڭ ئىدىيىسى ماركسىزىم، لېنىنىزىم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن تەڭ دەرىجىدە موھىم ئورۇنغا قويۇلىدۇ.

ئاساسى قانۇندىكى، « جۇڭگو سوتسىيالىزىمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرماقتا » دىگەن سۆز، « جۇڭگو كەلگۈسىدە ئۇزۇن مەزگىل سوتسىيالىزىمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرىدۇ » دەپ ئۆزگەرتىلىدۇ.

ئاساسى قانۇندىكى « دۆۋلىتىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئاساسى ۋەزىپىسى » دىگەن قىسمىغا، « سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققى قىلدۇرۇش » دىگەن مەزمون قوشۇلىدۇ.

2 - ، ئاساسى قانۇننىڭ 5 - ماددىسىغا، « قانۇن بىلەن دۆۋلەتنى ئىدارە قىلىپ، سوتسىيلىستىك قانۇن دۆۋلىتى قۇرۇپ چىقايلى » دىگەن مەزمون كىرگۈزىلىدۇ.

3 - ، ئاساسى قانۇننىڭ 6 - ماددىسى، « سوتسىيالىزىمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، نومومى مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى ئاساسى گەۋدە قىلغان ھالدا، كۆپخىل مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئىگىلىكىنى ئورتاق تەرەققى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسى تۈزۈمدە چىڭ تۇرىلىدۇ، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسى گەۋدە بىلەن، كۆپخىل تەقسىماتچىلىقتىن ئىبارەت بۇ شەكىلنى تەڭ ھالدا ساقلاپ قېلىشتەك تەقسىمات تۈزۈمىدە چىڭ تۇرىلىدۇ » دەپ ئۆزگەرتىلىدۇ.

4 - ، ئاساسى قانۇننىڭ 8 - ماددىسىدىكى يېزا - كەنت ئىقتىسادىغا ئائىت بەلگىلىمە، « ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىش بىلەن تىجارەت قىلىشنى تولۇق بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىقتىسادى تۈزۈلمە يولغا قويىلىدۇ » دەپ ئۆزگەرتىلىدۇ.

5 - ، ئاساسى قانۇننىڭ 11 - ماددىسىدىكى، « كوللىكتىپ ئىگىلىك - سوتسىيالىستىك نومومى مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ قوشۇمچىسى » دىگەن سۆز، « كوللىكتىپ ئىگىلىك بىلەن يەككە ئىگىلىك - سوتسىيلىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق تەركىۋى قىسمى » دەپ ئۆزگەرتىلىدۇ.

6 - ، ئاساسى قانۇننىڭ 28 - ماددىسىدىكى، « دۆۋلەت جەمىيەت تەرتىۋىنى قوغداپ، دۆۋلەتكە ئاسىلىق قىلىش ۋە باشقا ئەكسىل ئىنقىلاۋى ھەرىكەتلەرنى باستۇرىدۇ » دىگەن سۆز، « دۆۋلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ھەرىكەتلەرنى باستۇرىدۇ » دەپ ئۆزگەرتىلىدۇ.

نۆۋەتتە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى يۇقارقى تەكلىپ لاھىيسىگە پىكىر ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى كومۇتېتى ئەزالىرىغا تارقىتىپ بەرگەن. خىتاي ئىچى ۋە سىرتىدىكى خىتاي دېموكراتىك كۈچلىرى، دىڭ شياۋپىڭ ئىدىيىسىنىڭ ئاساسى قانۇنغا كىرگۈزۈلىشىگە قاتتىق نارازى بولماقتا.

# ۋەتەنىدىن كەلگەن خەت

(ئەدەبىي ئاخبارات)

( تەھرىردىن ئىزاھات : بۇ ماقالە ۋەتەن ئىچىدىكى مەلۇم ۋەتەنپەرۋەر زات تەرىپىدىن يېزىلىپ گېزىتىمىزگە ئەۋەتىلگەن بولۇپ، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش يۈزىسىدىن، ئۇشبۇ ماقالىدىكى بەزى ئادرېس، يەر ـ جاي نامى ۋە ئىسىملارنى قىسقارتىۋەتتۇق. ئەگەر چەتئەلدە پائالىيەت قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىمىز بۇماقالىدىكى ۋەقەلەرنى چەتئەللىكلەرگە دەلىل سۈپىتىدە كۆرسەتمەكچى بولىپ، ئادرېس، ئىسىم ۋە يەر ـ جاي ناملىرىغا ئېھتىياجى چۈشسە، بىۋاسىتە ھالدا گىرمانىيىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى» نىڭ باشلىقى ئابدۇجېلىل قاراقاش بىلەن ئالاقىلىشىپ، تولۇق نۇسخىسىنى سوراپ ئالسا بولىدۇ )

## مۇقەددىمە

«دېھقانلار باي بولدى» ، «دېھقانلار ئارزۇ- ئارمانلىرىغا يەتتى»، «دېھقانلار ئۆز بەختىدىن كۈلدى»...

بۇ سەلتەنەتلىك جۈملىلەر يېقىنقى بىر قانچە يىللاردىن بېرى شەرقىي تۈركىستاندا چىقىدىغان گېزىت ـ جورنال ، رادىيو ـ تېلېۋىزورلاردىكى دېھقانلارغا بېغىشلانغان خەۋەر- ماقالىلارنىڭ باش تېمىسى بولۇپ كەلگەن ئىدى. ھالبۇكى، بۈگۈنگە كەلگەندە، جۇڭگو دائىرىلىرىگە چاڭگىغان تۇپراققا سۇ سىڭگەندەك ئەپچىللا ياققان بۇ جۈملىلەر ئەمدى دېھقانلىرىمىزغا ياقمايدىغان بولۇپ قالدى. دېھقانلىرىمىز ئالقىنىدىكى گېزىت بېتىدە، بىر تۇتام پۇلنى قامالاپ خۇش تەبەسسۇم بىلەن ساناۋاتقان دېھقاننىڭ دەل ئۆزىنىڭ سۈرىتى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ..ئەمما ، ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدۇ. چۈنكى، سۈرەتتىكى دېھقان ئاز بولغاندىمۇ 15- 20 مىڭ يۈەننىڭ ئىگىسى. توققۇزى تەل ئارمانسىز دېھقان. بۇ سۈرەتنىڭ جانلىق گەۋدىسى بولغان ئۆزى بولسا، 2- 3 يۈز يۈەن ئۈچۈن قەرز سوراپ بانكىغا يۈگرەيدۇ. يەرگە تىزلىنىپ ئاللاغا يېلىنىدۇ. .ئۆزلۈكسىز داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان مۇنداق ساقتىپەزلىكلەر، ئاخىرى ئۇلارنىڭ قەلبىدە تۈرلۈك سۇئاللارنىمۇ ئويغاتتى: «بىز باي بولدۇقمۇ؟ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىزغا يەتتۇقمۇ؟ بىز ھەر يىلى قان- تەر تۆكۈپ ئىشلەپ پەقەت سانىۋېلىش پۇرسىتىگىلا ئىگە بولالايدىغان ئاشۇ پۇللار زادى نەگە كەتتى؟......

دېھقانلىرىمىز ئاخىرى توپا- چاڭ ئىچىدىن ئۈمىلەپ قوپۇپ، ئەسكى چاپان ئىچىدىن ئويغاندى. كېچىككەن بولسىمۇ، سۇئاللىرىغا قانائەتلىنەرلىك ، ئەمما ، ئەپسۇسلىنارلىق جاۋاب تاپتى. .شۇندىلا، بۇرۇن چىن كۆرۈنگەن نەرسىلەر بىردىنلا، ئۇلارغا قاراپ كۈلۈپ تۇرىۋاتقان بىر پارچە ھەجۋى رەسىمدەك بىلىندى.

ئەگەر سىز زېمىنىمىزنىڭ ھەقىقى خوجايىنى بولغان ئاشۇ نامرات، سۆيۈملۈك دېھقاننى چۈشەنمەكچى، يەنى شەرقىي تۈركىستان يېزىلىرىنىڭ ھەقىقى قىياپىتىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، قۇلاق سېلىڭ: بۇ مۇخبىرنىڭ ئاۋازى ئەمەس. بەلكى، ساددا، يۇۋاش دېھقاننىڭ ئاۋازى. يەنى، ھەقىقەتنىڭ ھەقىقانى ئاۋازى.

## جانغا زامىن « پىلانلىق تۇغۇت »

جۇڭگو ھۆكۈمىتى 70- يىللاردا يولغا قويغان پىلانلىق تۇغۇت سىياستى، 90- يىللارغا كەلگەندە شىددەتلىك قارا بورانغا ئايلاندى. بۇقارا بوران ئۆز كۈچىنى يەنىلا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە، بولۇپمۇ خىتايلار ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئۆزىگە دۈشمەن ساناپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۈستىدە كۆرسەتتى.

ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا ئۈچ پەرزەنت كۆرۈش بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەنلەركە ئېغىرلىتىپ جەرىمانە قويۇلغاندىن سىرت، بەزىلىرىنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى تارتىۋېلىنىپ، يۇرتتىن قوغلاندى. جەرىمانە تۆلەشكە قۇربىتى يەتمىگەن ۋە جەرىمانە تۆلەشنى رەت قىلغانلارنىڭ ئۆيلىرى تۈزلىۋېتىلدى. پىلان ئىچىدىكى تۇغۇش شەرتىنى ئادا قىلىپ بولغان ئاياللار ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن مەجبۇرى ھالدا ئۈزۈك سېلىش ياكى تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەلىرى قىلدۇرۇلدى . پىلاندىن سىرت 7- 8 ئايلىق ھامىلىلەردىن تارتىپ تۇغۇلۇشقا بىر نەچچە كۈن قالغان باللارغىچە ھەممىسى ئاتا- ئانىلارنىڭ زار- زار يىغىلىرىغا باقماي مەجبۇرى چۈشۈرىۋېتىلدى. چۈشۈرۈشكە مۇمكىن بولمىغانلىرى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئېلىۋېتىلدى. ھېلىمۇھەم شۇنداق داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

ھەرقايسى ناھىيەلەردىكى دوختۇرخانىلارنى ھېساپقا ئالمىغاندىمۇ، پەقەت قەشقەر شەھرى ئىچىدىكى 4 چوڭ دوختۇرخانىدىلا كۈنلۈكى پىلانلىق تۇغۇت سەۋەبىدىن چۈشۈرىلىۋېتىدىغان باللارنىڭ سانى 100 دىن ئاشىدۇ . قەشقەرنىڭ مارال بېشى، مەكت قاتارلىق ناھىيەلىرىدە پىلانلىق تۇغۇتقا مەسئۇل كىشىلەر قىز- يىگىتلەرنىڭ نىكاھ ئىشىغىمۇ ئارىلىشىپ ، تېخى توي قىلمىغان قىزلارغىمۇ تۇغۇت چەكلەش ئۈزۈكى سېلىپ ئاندىن نىكالىنىش گۇۋاھنامىسى كېسىپ بەرگەن. ئامالسىز قالغان قىز- يىگىتلەر شۇنچىۋالا ئازاپلىق خورلۇقلارغا چىداپ سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر بولغان.

پۈتۈن دۇنيا تەرەققى قىلىپ ئېلېكترون ۋە ئاتوم دەۋرىدىن ھالقىپ كەتكەن بۈگۈنكى كۈندە ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەممىلا يېرىدە دېھقانلار كالا، ئېشەكلەرنىڭ كۈچىگە تايىنىپ تېرىقچىلىق قىلىدىغان ئىپتىدائى تېرىقچىلىق شەكلىدىن تولۇق قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى. ئاياللار يەنىلا بۇرۇنقىدەك بىر يېرىم چارەك ئېغىرلىقتىكى كەتمەننى كۆتۈرۈپ، ئېتىزلىقلاردا ئەرلەر بىلەن ئوخشاش ئەمگەك قىلىشقا، تاغار يۈدۈشكە ، ئەپكەش بىلەن يىراق يەرلەردىن سۇ يۈدۈشكە مەجبۇر . شۇڭا ۋاقىتسىز قىلدۇرۇلغان ئوپېراتسىيە، ئېغىر ئەمگەك، قۇۋۋەتسىز تاماق ئاياللىرىمىزنى ساقايماس ئاياللار كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار قىلىپ، نۇرغۇنلىغان ئاياللارئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ، ئاياللىرىدىن ئايرىلغان ئەرلەرنى، تېخى مەكتەپ يېشىغا توشماي تۇرۇپ ئانىلىرىدىن ئايرىلغان باللارنى ھەممىلا يەردە ئۇچراتقىلى بولىدۇ..

مەن ئالدىنقى يىلى قەشقەر يېڭى شەھەر ناھىيە سىنىڭ مەلۇم بىر يېزىسىدا پىلانلىق تۇغۇتقا مەسئۇل كىشىلەر تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان 3 دېھقان بىلەن سۆھبەتتە بولدۇم. ئۇلارنىڭ بىرى ماڭا مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى:

«مەن دەسلەپكى ئايالىمدىن 4 باللىق بولغان چېغىمدا، تۇرمۇشىمىزدىكى بەزى كېلىشمەسلىكلەر تۈپەيلىدىن باللارنى تەڭ بۆلىشىپ ، ئاجرىشىپ كەتكەن ئىدۇق. 1995- يىلى3- ئايدا 2 ـ قېتىم ئالغان ئايالىمنىڭ ھامىلدار ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالغان يېزىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خادىملىرى، « بالاڭ پىلاندىن ئېشىپ كەتتى. ئايالىڭنىڭ قورسىقىدىكى بالىنى يوقات» دەپ ، تولا كېلىۋېلىپ ، بىزگە ئارامىلىق بەرمىدى. ئايالىم، «مەن تېخى بالا تۇغۇپ باقمىدىم ، بۇ بالىنى چوقۇم ساق سالامەت تۇغىمەن » دەپ تۇرىۋالدى. ئۇلار ماڭا 7 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويدى. مەن بىرىشنى رەت قىلدىم. شۇ يىلى 3- ئاينىڭ 7- كۈنى يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى قاتارلىق بىر توپ يېزا ئەمەلدارلىرى ئىشىك ئالدىمدا پەيدا بولدى. ئۇلار

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

جەرىمانىنى بەرمىسەم ، ئۆيىمنى ئۆرۈۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن «خالىغىنىڭنى قىل» دەپ ، بىر چەتكە ئۆتۈپ يول بوشاتتىم. تىراكتۇر گۈگىرەپ ئۆي تەرەپكە ماڭدى. 60 ياشقا كىرگەن دادام چىداپ تۇرالماي، تىراكتۇرنىڭ ئالدىدا يېتىۋالدى. يېزىنىڭ چاپارمەنلىرى بىر قانچە قېتىم دادامنى تارتىپ تىراكتۇرغا يول ئاچقان بولسىمۇ ، دادام نىيىتىدىن يانمىدى. ئاخىرى يېزىنىڭ شۇجىسى (خىتاي) كېلىپ دادامنى بىر نەچچىنى تېپىۋەتتى. ئارقىدىنلا، گۈلدۈرلەپ ئۆرۈلگەن كېسەكلەر ئارىسىدىن توپا ـ چاڭ كۆتۈرۈلدى. دادام ھۆكىرەپ يىغلىغىنىچە كېسەكلەرنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ ، ھوشىدىن كەتتى. دادام شۇ كۈندىن باشلاپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى دە شۇ ياتقىنىچە ئۈچ ئاي يېتىپ ، ئالەمدىن ئۆتتى. مەن ناھىيە، ۋىلايەتلەردە نەچچە ئاي ئەرز قىلغان بولسامۇ، ئەرزىمنى ئاڭلىغۇدەك ئادەم تاپالمىدىم. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە ئۇلارنىڭ قىلغىنى يوللۇقمىش. ئۇلار قانۇننىڭ كۈچىنى ئاشۇنداق يوللار بىلەن بىزگە كۆرسەتەرمىش».

«مېنىڭ بۇرۇن ئىككى بالام بار ئىدى»، دەپ سۆز باشلىدى موشو يېزىدىكى يەنەبىر دېھقان، 1996ـ يىلى ئايالىم ئۈچىنچى بالىغا ھامىلدار بولدى. بۇ دەل يېزىلاردا ئاياللارغا تۇغۇت چەكلەش ئۆزىكى سېلىۋاتقان مەزگىل ئىدى. «قوسقىمدا بار»، دىسە ، «بالدۇر ھامىلدار بوپسەن » دەپ بالىنى چۈشىرىۋېتىشىدىن قورققان ئايالىم ، ئۆزىنىڭ ھامىلدارلىقىنى يوشۇردى ھەم ھەر خىل باھانىلارنى كۆرسىتىپ ئۆزۈك سېلىشنى رەت قىلدى. ئۇلار مىنى بىر ئۆيگە سولاپ قويۇپ، ئايالىمنىڭ ئاخىرىدا «قوسغىمدا بالا بار» دەپ يىغلاپ يالۋۇرۇشلىرىغا پەرۋا قىلماي ، ئۆزۈك سېلىپ كەتتى. ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ، ئايالىمنىڭ قوسقى توساتتىن قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. دوختۇرغا كۆرسەتتىم . دوختۇرلار قوساقتىكى 4 ئايلىق بولۇپ قالغان بالىنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقىنى ، دەرھال ئوپېراتسىيە قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ 11ـ ئاي مەزگىلى ئىدى. ئوپېراتسىيەدىن كېيىن ئايالىم ئورنىدىن تۇرالمىدى. ئۈچ ئايغىچە خۇن توختىماي ئاخىرى 2 بالىنى يېتىم قىلىپ ، ئۇ ئالەمگە كېتىپ قالدى. ئۇ ئەمدىلا 24 ياشقا كىرگەن ئىدى».

مەن ئەمەت قارىنىڭ ياشلىق كۆزلىرىدىن كۆزۈمنى قاچۇردۇم ، بىراق ئۇنىڭ ئىككى پاقالچىقىغا چىڭ ئېسىلىۋالغان بىرى 2 ياش، بىرى 4 ياشلىق چىرايلىرى سارغايغان، كىيىملىرى كىرلەشكەن بالىلارنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئۆزەمنى قاچۇرالمىدىم. ئۇلار مەندىن سۇئال سورايتتى، ياق ئۇلارنىڭ مۇڭغا تولغان كۆزلىرى، ئانا مېھرىگە قانمىغان يۈرىكى سۇئال سورايتتى: ئانىمىز نەدە؟ ئۇ قاچان كېلىدۇ؟....

قەشقەرنىڭ مەلۇم بىرىيېزىسىدىكى رەخمانجاننىڭ ئۈچ بالىسى بار ئىدى. ئايالى 4ـ بالىغا ھامىلدار بولۇپ، 8 ئايلىق بولغاندا ، كېچىكىپ خەۋەر تاپقان، يېزا پىلانلىق تۇغۇت خادىملىرى ، رەخمانجاننى ئالدىغا سېلىۋېلىپ ، بالىنى ئالدۇرىۋېتىشقا ھەم 5 مىڭ يۈەن جەرىمانە تۆلەشكە قىستىغان. رەخمانجاننىڭ جەرىمانىنى تۆلەشكە قۇربىتى يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن ، ئۇنى يەنە ئالدىغا سېلىپ بانكىدىن قەرز ئالدۇرۇپ ، جەرىمانىنى نەخلەشتۈرۈش ئۈچۈن بانكىغا ئېلىپ بارغان . ئەسلىدىنلا، نامراتچىلىق دەستىدىن ئۈستىلەپ قەرزگە بوغۇلغان رەخمانجانغا ، بۇنداق قىيىن قىستاقلار، سۆرەپ يۈرۈشلەر قاتتىق ھار كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قېلىپ ، يول يۈرۈشكە ئامالسىز قالغان. بىرگە كەلگەن كەنت كادىرلىرى 4 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى جاڭگال يولىدا ئۇنى يالغۇز قالدۇرۇپ كېتىپ قېلىشقان. رەخمانجان بىردەم ئۆملەپ، بىردەم يولنىڭ ئىككى يېقىدىكى جىگدە دەرەخلىرىگە ئېسىلىپ مېڭىپ، مىڭ جاپادا ئۆيىگە يېتىپ كەلگەن. ئۇ ئىشىك ئالدىدىلا ئايالىغا « بالىلار ساڭا قالدى» دىگەن بىر ئېغىز سۆزنىلا ئېيتىپ ، بۇ قەرزدار زۇلمەتلىك دۇنيا بىلەن خوشلاشقان. رەخمانجان ئۆلۈپ ، 7ـ كۈنى ئايالى ساق ـ سالامەت يەڭگەن بولسىمۇ ، بۇ بىتەلەي بالا دادىسىنى، دادا بالىسىنى كۆرەلمىگەن. يېزىدىكى ئەمەلدارلار پىلانلىق تۇغۇتتىكى بۇ جاللاتلارغا بىرئاز تەربىيە بىرىش بىلەنلا ئىشنى تۈگەتكەن.

بىز ھەم جۇڭگو ھۆكۈمىتى شىڭشىسەينى «قان ئىچەر جاللات » دەپ تىللايمىز. لېكىن، دۇنياغا داڭقى چىققان ئاشۇنداق بىر ياۋۇز جاللاتنىڭمۇ جاللاتلىق قىلىچى ئانا قوسقىدىكى بىگۇنا بالىلارغا يەتكەن ئەمەس. ئەپسۇسكى، دېھقانلىرىمىز يۇۋاش، ساددا ھەم شۈكرى قانائەتچان بولغاچقا، بىر قىسىم تەلۋىلەر قانۇنسىز يوللار بىلەن ئەركىنلىكنى، كىشىلىك ھوقۇقىنى خالىغانچە دەپسەندە قىلسىمۇ، سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر.

## جۇڭگو ۋە كىشىلىك ھوقۇق

شەرقى تۈركىستان خەلقى مانجۇ ۋە خىتايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەن بىر قانچە يۈز يىللاردىن بېرى ئۈزلۈكسىز تۈردە مىللى كەمسىتىش، مىللى زۇلۇم، ھايۋانلارچە دەپسەندە قىلىشقا ئۇچراپ كەلدى. ئازاتلىق، مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۆتۈرۈلگەن قانچىلىغان قوزغىلاڭلار قانلىق باستۇرۇلدى. ئەجدادلىرىمىزنىڭ دەريا ـ دەريا قانلىرى ئۆز دۈشمەنلىرىمىزگە تاجۇ ـ تەخت تىكلەپ بەردى. مۇستەملىكىچىلەر مۇستەبىتلىك سىياسىتىنى خالىغانچە يۈرگۈزۈپ، خەلقىمىز ۋە زىمىنىمىزنىڭ قېنىنى شورىماقتا. ئۇلار مىللىتىمىزنىڭ تارىخىنى بۇرمىلاپ بىر شەرمەندە، نومۇسلۇق تارىخنى بىزگە زورلاپ تاڭدى. ئەڭ ئاددىسى، كروران قەدىمي شەھرىدىن تېپىلغان «كروران گۈزىلى» جەسىدىنىڭ تارىخى دەسلەپتىلا 6 مىڭ يىل قىلىپ بېكىتىلگەن ئىدى. ھالبۇكى، جۇڭگو بۇ جەسەتنى بارغانچە ياشارتىپ 3800 يىللىق تارىخقا ئەكىلىپ قويىدى.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى شەرقى تۈركىستاننىڭ لوپنۇر رايونىدا ، ئاتوم سىناق بازىسىنى قۇرغاندىن بۇيان ، ئارقىمۇ ـ ئارقا يەر ئۈستى ھەم يەر ئاستى يادرو سىناقلىرىنى ئېلىپ بېرىپ ، بۇ مىسكىن، ئەمما تەبىئىتى گۈزەل تۇپراقنى ئاتوم رئىئادىيەكسىيەسى تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان رادئىئاكتىپلىق زەھەرلىك ماددىلار بىلەن تولغان ، مۇدھىش زېمىنگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. زەھەرلىك ماددىلار دەريا، كۆللەرنى بۇلغىدى. ئورمان ـ باغلارنى ۋەيران قىلدى. ھايۋانلار تۇغۇل ئادەملەردىمۇ تۈرلۈك ۋە غەلىتە كېسەللىكلەر پەيدا بولدى.

شەرقى تۈركىستاننىڭ ئەزەلدىن مۆۋە ـ چىۋىلەر ماكانى دەيدىغان چىرايلىق نامى بار . ھازىر بۇ نام بۇ تۇپراققا ياراشمايدىغان بولۇپ قالدى. رادئىئاكتىپلىق زەھەرلىك ماددىلار تۈپەيلىدىن نامى مەشھۇر تۇرپان ئۈزۈمى،كورلا نەشپۈتى، قومۇل قوغنى، ئاتۇش ئەنجۈرى قاتارلىق مۆۋلىرىمىز ئەسلىدىكى پاقىراقلىقىنى، لەززەتلىك تەمىنى يوقاتتى. دېھقانلىرىمىز مىڭ جاپادا ئۆستۈرگەن قوغۇنلىرىنى تۈرلۈك كېسەللىكلەردىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۆپ ئىزلەنگەن بولسىمۇ ھېچ نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. نەتىجىدە، دېھقانلىرىمىز قوغۇن تېرىشتىن ۋاز كەچتى. ھەشەمەتلىك بىنالارنى سېلىپ، سەلتەنەتلىك ۋىۋىسكىلارنى ئېسىۋالغان يېزا پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى شەرقى تۈركىستانغا بولغان ئىشغالىيىتىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن مىليونلاپ خىتاي ئاقىۇنلىرىنى يۆتكەپ چىقىپ ، كەڭ يېزىلارغا ئورۇنلاشتۇردى. ئەسلىدىنلا سۇ يېتىشمەسلىك ، تۇپراقنىڭ ئۈنۈمسىزلىشىشى، چەكتىن ئاشقان قاتمۇ ـ قات ئالۋاڭ ـ سېلىق، ئايلاپ بىكارغا چاپىدىغان ھاشار تۈپەيلىدىن، تۇرمىشنى ئارانلا قامداپ كېلىۋاتقان دېھقانلارغا تېخىمۇ ئەلەم بولدى. خەنزۇلار بىر مو يەر ئۈچۈن يىلىغا 100 يۈەن تاپشۇرسىلا سېلىق ئادا. ئەمما ئۇيغۇر دېھقانلىرىمىز يىلىغا 500 يۈەندىن ئارتۇق سېلىق پۇلى تاپشۇرىشى كېرەك. ئەمەلىيەتتە، بىر مو يەردىن چىقىدىغان بىر يىللىق ھوسۇلنىڭ تەننەرقى 800 يۈەندىن ئاشمايدۇ. دېھقانلار قارا كۈچىگە تايىنىپ يىل بويى ئىشلەيدۇ ـ يۇ، ھەپتىدە 500 گىرام گۆش ئېلىپ يېيەلمەيدۇ. مىللى كەمسىتىش، مىللى ئايرىمچىلىق شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، ئەگەر بىر ئۇيغۇر بىلەن بىر خەنزۇ ئۇرۇشۇپ قېلىپ ، خەنزۇ ئۇيغۇرنى ئۇرىۋالسا ، ئىككى تەرەپ چىرايلىق تەربىيە بىلەن كېلىشتۈرىلىدۇ. ئۇيغۇر خىتاينى ئۇرغان ھامان پۇتكۇل شەھەر تەۋرەپ، ھەممە كوچىلارنى ساقچى ماشىنلىرىنىڭ جىددى سىگنالى قاپلاپ كېتىدۇ.

« ئۇچقۇندىن يالقۇن چىقىدۇ » ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرى

# ئۇچقۇن

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

1999 - يىلى 4 - ئاي
2 - سان
(ئومۇمى 4 - سان)
گېرمانىيىدە نەشر قىلىندى

ھەپتىلىك سىياسى - ئىلمى گېزىت
Eastern Turkistan
Information Center

## شەرقىي تۈركىستاندىكى قوراللىق كۈرەشلەر، خىتايدىكى پارتىلاش خارەكتېرلىك 8 چوڭ مەسىلىنىڭ بىرى دەپ قارالماقتا

ئۆز خەۋىرىمىز: دېموكراتىك خىتايلار تەرىپىدىن چەتئەلدە نەشر قىلىنىۋاتقان « بېيجىڭ باھارى » ژورنىلىنىڭ 99 - يىلى 4 - ئايلىق سانىغا، « خىتايدىكى پارتىلاش خارەكتېرلىك 8 چوڭ مەسىلە » دېگەن سەرلەۋھەلىك بىرپارچە دوكلات ئېلان قىلىندى. بۇ دوكلاتتا نۆۋەتتە كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيتى جىددى دۇچ كېلىۋاتقان خىتايدىكى ئەڭ زور 8 مەسىلە يەرئالغان بولۇپ، بۇ دوكلاتنىڭ 8 - بۆلۈمدە ئەينەن مۇنداق دېيىلگەن:

« ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللى مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى بارغانسېرى كەسكىنلەشمەكتە. بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىدە قوراللىق ۋاستە قوللانماقتا. بۇيىلنىڭ باشلىرىدا ئۇلار كورلا ئەتراپىدىكى لوپنۇر تاش يولى بويىغا جايلاشقان باشقۇرىلىدىغان بومبا بازىسىغا ھۇجۇم قىلدى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ 21 ئەسكىرى ئۆلدى، 6 ئەسكەر يارىلاندى، زور مىقداردىكى ئەسكىرى بۇيۇملار كۆيدۈرۈپ تاشلاندى. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى مىللى بۆلگۈنچىلەرنى قاتتىق قوللۇق بىلەن ئۆلتۈرگەشكە، مىللى زىددىيەتلەر بارغانسېرى كەسكىنلەشمەكتە ۋە بۇ، خىتاينىڭ پارتىلاش خارەكتېرلىك مەسىلىسىگە ئايلاندى ».

## شۋېتسىيە پارلامېنت ئەزاسى شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلدى

ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى: شۋېتسىيىدىكى يېشىللار پارتىيىسىنىڭ ياۋروپا پارلامېنتىدا دائىمى تۇرۇشلۇق پارلامېنت ئەزاسى مالولىن ھولىزىم خانىم، بۇيىل 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى بېلگىيەنىڭ پايتەختى برۇكسېل شەھىرىدىكى ياۋروپا پارلامېنت بىناسىنىڭ ئالدىدا خىتايغا قارشى نامايىش قىلىۋاتقان « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ رەئىسى ئەنسەرجان باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلدى.

مالولىن خانىم كۆرۈشۈش جەريانىدا، « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ رەئىسى ئەنسەرجاننىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى سىياسى ۋەزىيىتى ھەققىدە بەرگەن قىسقىچە مەلۇماتىنى ئاڭلاپ ئۆتكەندىن كېيىن، « مەن ئۇيغۇرلار ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس، شۇڭا مۇمكىن قەدەر مېنى ئۇيغۇرلار ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇمات بىلەن تەمىنلەپ تۇرغايلا، مەن شۋېتسىيە پارلامېنتىنىڭ ياۋروپا پارلامېنتىدا دائىمى تۇرۇشلۇق ۋەكىلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىغا قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن » دېدى. ئارقىدىن مالولىن خانىم شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرى بىلەن خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن ياۋروپادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان شەخسى دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇددەت داۋام قىلدۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

## ماناستىكى قانلىق پاجىئە

**ئۆز مۇخبىرىمىز ئابدۇللا پامىر خەۋەر قىلىدۇ:** بۇيىل 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ماناس ناھىيىلىك يىمەك - ئىچمەك فابرىكىسىنىڭ ئىشچىسى ئەكرەم تۇردىنىڭ 12 ياشلىق قىزى ئايگۈل بىلەن 10 ياشلىق قىزى ئاينۇر، شۇ فابرىكىنىڭ خىتاي ئىشچىللىرىنىڭ 6 نەپەر ئوغلىنىڭ مەجبۇرى باسقۇنچىلىق قىلىشىغا ئۇچرىغان. نەتىجىدە 10ياشلىق ئاينۇرنىڭ ئىچىدىن قان كېتىپ، باسقۇنچىلىق قىلىنغان نەق مەيداندا ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلۈپ كەتكەن. بەدىنى قاتتىق زەخملەنگەن 12 ياشلىق ئايگۈل دوختۇرخانىنىڭ جىددى قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە ئېلىپ كېلىنگەن.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن، قىزلارنىڭ دادىسى ئەكرەم تۇردى ماناس ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلغان ھەمدە ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىغىمۇ ئەرز سۇنغان. گەرچە ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى 6 نەپەر باسقۇنچى خىتاينى تۇتۇپ سوراق قىلغان بولسىمۇ، ئەمما، « بۇئىشنى ئۇلار قىلماپتۇ » دەپ جاۋاپ بېرىش بىلەنلا كۇپايە قىلغان. قىزلارنىڭ باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق تۇرسىمۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ناھايىتى ئېچىنىشلىق بولغان بولسىمۇ، ئەمما ساقچى ئىدارىسى ھېچقانداق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارمايلا ئاغزاكى خۇلاسە چىقىرىپ، باسقۇنچى 6 خىتاينى ئەتىسىلا قويۇۋەتكەن. بۇئەلەمگە چىدىمىغان ئەكرەم تۇردى، غەزەپكە پايلىماي قىزلىرىغا باسقۇنچىلىق قىلغان خىتايلاردىن ئىككىسىنى تۇتىۋېلىپ ئۆلتۈرىۋەتكەن. نەتىجىدە ساقچىلار ئۇنى دەرھال قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىغان. ئۆلگەن ئىككى خىتاينىڭ ئىككى ئاكىسى ئەتىسى دوختۇرخانىدا جىددى قۇتقۇزىلىۋاتقان 12 ياشلىق ئايگۈلنى ۋە ئانىسى ئامىنەمنى پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈۋېتىپ كەتكەن. ئەپسۇسكى بۇ ئىككى قاتىل خىتاينى ھۆكۈمەت قولغا ئالمىغان ۋە ھېچقانداق جازا كۆرمىگەن. بۇ ناھەقچىلىققا چىدىمىغان 5 - 6 نەپەر ئۇيغۇر، قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلغان 6 نەپەر خىتاينىڭ ئۆيىگە كېچىدە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەن. شۇ كېچىدە ئۇلار يەنە ئۇدۇل ساقچى ئىدارىسىغا باستۇرۇپ بېرىپ، ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ يەمىلىنىڭ خىتاينى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قېچىپ كەتكەن. ۋەقە يۈز بېرىپ ئەتىسى ۋە ئۆگۈنى كوممۇنىستلار بىگۇنا ئۇيغۇردىن 40 كىشىنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىغان. ھازىر ئۇلار تۈرمىدە ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالدا تۇرماقتا.

## قازاقىستان پرېزىدېنتى نەزەر بايېۋقا يېزىلغان خەت

ئەسكەرتىش: بۇخەت، قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ خەمىت مۇھەممەت قاتارلىق ئۈچ نەپەر سىياسى پاناھلىق تىلىگۈچى ئۇيغۇرياشنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بەرگەنلىك مۇناسىۋىتى بىلەن، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ قازاقىستان پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نەزەربايېۋقا فاكىس ئارقىلىق ۋە قازاقىستاننىڭ گېرمانىيىدىكى باش ئەلچىخانىسى ئارقىلىق يوللىغان مەخسۇس خېتىنىڭ ئەينەن نۇسخىسىدىن ئىبارەت. بۇخەت گېرمان تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، تەھرىر بۆلۈمىمىز تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىندى. ( داۋامى 2 - بەتتە )

## « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ، قازاقىستان پىرېزىدىنتى نۇرسۇلتان نەزەربايېۋقا يوللىغان خېتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قازاقىستان پىرېزىدىنتى ھۆرمەتلىك نۇرسۇلتان نەزەربايېۋ جاناپلىرىغا:

مۆھتەرەم پىرېزىدېنت جاناپلىرىغا مەلۇمكى، ھۆكۈمىتىڭىز نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تۈرمىلەردە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشى قىيىن ـ قىستاقلارغا دۇچار قىلىنىۋاتقانلىقىنى، سوت قىلماي تۇرۇپ تۈركۈملەپ ئۆلتۈرۈلۈپ ـ قىرىۋاتقانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ، ئەنە يېقىندا شەرقىي تۈركىستاندىن ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ دۆلىتىڭىزگە قېچىپ چىقىپ سىياسى پاناھلىق تىلىگەن خەمىت مۇھەممەت، قاسىم مەخپىر، ئىلياز زوردۇن قاتارلىق ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر ياشنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بەردى، ھۆكۈمىتىڭىزنىڭ بۇ قىلمىشى، ئۇلارنى بىۋاستە ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەنلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىز «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى»، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەق ـ ھوقۇقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىنى، غەيرى ئىنسانى سىياسى بېسىم ۋە قىرغىنچىلىقلارنى يېقىندىن كۆزىتىۋاتقان ۋە ئۇنىڭغا تېگىشلىك ئىنكاس قايتۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر ئۇيغۇر تەشكىلاتى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، ھۆكۈمىتىڭىزنىڭ بۇ ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر ياشنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىدەك غەيرى ئىنسانى قىلمىشىنى قاتتىق ئەيىپلەش بىلەن بىرگە، دۆلىتىڭىزلارنىڭ بۇندىن كېيىن خەلقئارا كېلىشىمنامىلاردا ئېنىق كۆرسىتىلگەن مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشىنى ۋە ئىنسان ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلىشىنى تەلەپ قىلىمىز.

پىرېزىدېنت جاناپلىرىغىمۇ مەلۇم بولغىنىدەك، تارىختىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق مىللەتلەر بىرگە ياشاپ كەلمەكتە، بۇمىللەتلەر بىر ـ بىرى بىلەن ھەم دىنداش، ھەم قانداش بولۇپ، بۇخىل دىنداشلىق ۋە قانداشلىق مۇناسىۋىتى ئەلمىساقتىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن بىزنىڭ تارىخى دۈشمىنىمىز بولغان خىتاي ئىمپېرىيالىزمى بۇ قېرىنداش مىللەتلەرنى بىر ـ بىرىگە دۈشمەن قىلىش ئۈچۈن ھەرخىل نەيرەڭلىرىنى ئىشقا سېلىۋاتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا پۇرسەت ئىزدەپ كېلىۋاتىدۇ. شۇڭا ھۆكۈمىتىڭىز ئىنسان قېلىپىدىن چىققان خىتاي ئىمپېرىيالىزمىنىڭ يانتايىقى بولماي، قاتتىق ئېزىلىۋاتقان، خورلىنىۋاتقان ۋە سىزلەرگە قېرىنداش بولغان مەزلۇم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەرىپىدە تۇرۇشى ۋە ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىشى كېرەك. ئەنە شۇندىلا مۇبارەك دۆلىتىڭىز قازاقىستان ئۆزىنىڭ تارىخى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان بولىدۇ.

جاناپلىرىغا مەلۇم بولغايكى، تەشكىلاتىمىز « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى»، ياۋروپادا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر زىيالىلىرى تەرىپىدىن 1990 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، تەشكىلاتىمىز شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى قوغداشنى، ۋەتىنىمىزدە دېموكراتىيىنى ھەقىقى يوسۇندا تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ۋە كەلگۈسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللى مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئاساسى غايە ۋە مەقسەت قىلغان ھالدا پۈتۈن ياۋروپا مىقياسىدا پائالىيىتىنى داۋام قىلدۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. قازاقىستان مۇستەقىللىققا ئېرىشكەندە بىز ئۇيغۇرلار ناھايىتى سۆيۈنگەن ۋە قازاق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ خوشاللىقىغا ھەم تەنتەنىسىگە تەڭ ئورتاق بولغان ئىدۇق. چۈنكى بىز ئۇيغۇرخەلقى ئۈچۈنمۇ بىرمىللى ئازاتلىق يولىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى ئىشەنچ بىلەن ھېس قىلغان ئىدۇق ۋە مۇستەقىل قازاقىستاننىڭ بىزئۇيغۇرلارنىڭ مىللى ئازاتلىق كۈرەشلىرىنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل ئىدى. ئەپسۇسكى، دۆلىتىڭىزدە يۈزبەرگەن ئاخىرقى بۇ ۋەقە بىز بارلىق ئۇيغۇرلارنى قاتتىق ئۈمىتسىزلىككە دۇچارقىلدى ۋە ناھايىتى ئەپسۇسلاندۇردى. ھەقىقەتەنمۇ بىز ئۆزىمىزگە قانداش، دىنداش ۋە خوشنا بولغان بىردوستىمىزدىن بۇنداق بىر ۋاپاسىزلىقنى ئەسلا كۈتمىگەن ئىدۇق.

يۇقۇرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، قانخور خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرخەلقى بىلەن قازاق خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق رىشتىنى ۋە قېرىنداشلىق ئەھدىنى بۇزۇش ئۈچۈن ھەرخىل نەيرەڭلىرىنى ئىشقا سېلىپ كېلىۋاتىدۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەم شۇنداق قىلىدۇ. شۇڭا بىز ھۇشيار بولۇپ، خىتاينىڭ بۇ تۇزىقىغا چۈشمەي، تارىختىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن دوستلىقىمىزنى تېخىمۇ تەرەققى قىلدۇرۇشىمىز ۋە ئۇنىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە يېتىشىمىز لازىم.

ئاخىرىدا جاناپلىرىدىن شۇنى ئۈمىت ۋە تەلەپ قىلىمىزكى، دوست قازاقىستان ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەق ـ ھوقۇقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىغا ۋە ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىنىڭ ھەرخىل ھەقسىزلىق ۋە خورلۇقلارغا دۇچار قىلىنىشىغا قاراپ تۇرماسلىقى ۋە شۇنداقلا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دىنى، مىللى ئەركىنلىكلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان تۈرلۈك كۈرەشلىرىگە قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىشى كېرەك.

سىزگە چەكسىز ئېھتىرام ۋە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ:
«ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ رەئىسى
**ئەسقەرجان**
1999 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى (گېرمانىيە)

---

## پۈتۈن خىتاي زېمىنىنى پارىخورلۇق قاپلاپ كەتتى

خىتايچە «بېيجىڭ باھارى» ژورنىلىنىڭ بۇيىل 4 ـ ئايلىق سانىدىكى خەۋىرى:

نۆۋەتتە كوممۇنىستىك پارتىيە ھاكىمىيتى ئاستىدىكى خىتايدا پارىخورلۇق، تارىختىن بۇيانقى ئەڭ قاتتىق ئەۋجىگە چىققان دەۋرگە قەدەم قويدى. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى 1978 ـ يىلى ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويغان 20 يىلدىن بۇيان، خىتاي ھۆكۈمىتى جەمئى 712 مىڭدىن ئارتۇق پارىخورلۇق دېلوسىنى بىرتەرەپ قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە سىياسى ـ قانۇن ۋە ھەربى ساھەدە پارىخورلۇق تېخىمۇ ئېغىر بولماقتا. ئۆتكەن يىلنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا خىتاي ھۆكۈمىتى 28 مىڭ نەپەر رېۋىزىيە خادىمى ئۇستىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككى مىڭ نەپىرى، يەنى يۈزدە بەش پىرسەنتى پارىخور بولۇپ چىققان. پەقەت سەنشا توسمىسى قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش جەريانىدىلا سىچۇەن ئۆلكىسى، بۇ قۇرۇلۇشقا ئاجرىتىلغان پۇلغا خىيانەت قىلغان 105 نەپەر ئەمەلدارنى قولغا ئالغان. خىتايدىكى پارىخور ۋە خىيانەتچى ئەمەلدارلار ئىچىدە، خىتاي ئالى خەلق تەپتىش مەھكىمىسى خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋېي جى ، خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى لى جىجۇ قاتارلىق يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بار.

---

## خىتايدا بومبا پارتىلىتىش ۋەقەلىرى كۆپەيمەكتە

«بېيجىڭ باھارى» ژورنىلىنىڭ بۇيىل 4 ـ ئايلىق سانىدىكى خەۋىرى:

يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىللىرىدە پارتىلاش ۋەقەلىرى شىددەت بىلەن كۆپەيمەكتە. پەقەت بۇيىل 1 ـ ئاي ئىچىدىلا خىتايدا 12 قېتىم پارتىلىتىش ۋەقەسى يۈزبېرىپ، 33 ئادەم ئۆلگەن، 100 گە يېقىن كىشى يارىلانغان. «خىتاي ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى» نىڭ دوكلاتىدا ئاشكارىلىنىشىچە، ئۆتكەن يىلى 1 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە بولغان مەزگىل ئىچىدە خىتايدا جەمئى 2500 قېتىم بومبا پارتىلاش ۋەقەسى يۈزبەردى. گەرچە بۇ پارتىلىتىش ۋەقەلىرى ئىچىدە شەخسى ئۆچ ئېلىش مەقسىدىدە ئېلىپ بېرىلغانلىرى بار بولسىمۇ، ئەمما مۇتلەق كۆپ قىسمى سىياسى سەۋەپتىن ئېلىپ بېرىلغان.

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

# [redacted] چەتئەللىكلەر نەزىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان [redacted]

## تىنچسىزلىق

مايلس كلىمانس ( ئاۋىستىرالىيە )

تىبەتلىكلەرنىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان مىللىي مۇستەقىللىق كۈرەشلىرى بارغانسىرى خەلقئارانىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغاۋاتقان بۈگۈنكى ۋاقىتتا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى دىققەت ـ ئېتىبارىنى يەنە بىر بۆلگۈنچى كۈچگە قارىتىشقا مەجبۇر بولدى. دۇنيا ئۇختىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئىسلام ئەللىرىدىن باشقا تېخى دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىگە تونۇلمىغان، جۇڭگونىڭ غەربىدىكى موھىم ستراتېگىيىگە ئىگە ئۆلكە شىنجاڭ رىقابەت ئىچىدە تۇرماقتا.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ ئۆلكىدە بۆلگۈنچىلىك ھەركەتلىرى ئىزچىل يۈز بېرىپ كەلدى. نۆۋەتتە تىبەت داۋاسى ھەققىدە خەلقئارادا نۇرغۇن ماتېرىياللار تارقالماقتا، شۇنداقلا يېقىندىلا ھولليۋۇد تىبەت ھەققىدە مەخسۇس فىلىم ئىشلىدى، بۇ ئەھۋاللار خىتاي ھۆكمىتىنى قاتتىق بىئارام قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما تەقدىرى ئوخشاش، جۇغراپىيەلىك ئورنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن تۇتىشىپ تۇردىغان شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ دالاي لاماغا ئوخشاش ھەممە ئېتىراپ قىلغان، ئۆز داۋاسىنى ئېلىپ باردىغان بىرشەخسى يوق.

خىتاينىڭ زېمىنىنىڭ ئالتىدەن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلدىغان بۇ ئۆلكىدە ھۆكۈمەت ئېلان قىلغان 13 مىللەت بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ سۈننى مەزھىپىگە مەنسۇپ بولغان ئۇيغۇرلار، بۆلگۈنچىلىك ھەركەتلىرىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلماقتا. ئۇلار ئۆلكىدىكى 17 مىليون ئاھالىنىڭ 8 مىليوننى تەشكىل قىلغان بولۇپ، بۇ ئۆلكىدىكى ئاھالىسى ئەڭ كۆپ مىللەت ھېساپلىنىدۇ. شۇنداقلا ئۇلار ئېتنىك جەھەتتىن بېيجىندىكى ھۆكۈمران مىللەتكە قارىغاندا ئۆزىنىڭ غەربىگە جايلاشقان تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى مىللەتلەرگە بەكرەك باغلىنىشلىق.

نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، بىر زامانلاردا يىپەك يولىنىڭ مەركىزى بولغان شىنجاڭنىڭ چېگرىلىرى تاشقى دۇنياغا پۈتۈنلەي تاقالغان ئىدى. بىراق يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چېگرالار سودا ئۈچۈن سىرتقا ئېچىۋېتىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئۈچۈر ـ ئالاقە ئالماشتۇرۇشقا شارائىت تۇغۇلدى.

1979 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئافغانىستانغا ھۇجۇم قىلىشى بىلەن، بۇ ئۆلكىدىمۇ مۇستەقىللىق تۇيغۇلىرى باشقىدىن باش كۆتۈرۈشكە باشلىغان ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەغلۇپ بولىشى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا پارچىلىنىشى، ئۇيغۇر ياشلىرى ئۈچۈن تۈرتكىلىك تەسىر كۆرسەتتى. بىر قىسىم ئۇيغۇر ياشلىرى ئافغانىستاندىكى مۇجاھىتلار ئۇرۇشىغا قاتناشتى. ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئومومى يۈزلۈك باش كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان چاغدا، بۇھال پۈتكۈل شىنجاڭغىمۇ تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. كوممۇنىستلارنىڭ كونتروللىقىدىن كېيىن شىنجاڭغا كۆچۈرۈلگەن ۋە ئولتۇراقلاشقان خىتايلارنىڭ سانى غايەت زور دەرىجىدە ئېشىپ، يەرلىك ئاھالىنىڭ نىسبىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. 1949 ـ يىلى شىنجاڭدىكى خىتايلارنىڭ سانى پەقەت 2 ـ 3 پىرسەنت دەپ ھىساپلانغان بولسا، ھازىر ئۇلارنىڭ سانى 6 مىليونغا چىقىپ، 48 پىرسەنتكە يەتكەن. مۆلچەرلىنىشچە كېلەركى بىرقانچە ئون يىل ئىچىدىلا خىتايلارنىڭ شىنجاڭدىكى ئاھالىسى مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىكەن.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تېرورىستلار پەيدا قىلغان ۋەقەلەر توغرىسىدىكى خەۋەرلىرى ئىشەنچىسىز. ئېيتىشلارغا قارىغاندا 1990 ـ يىل ئاپرىلدا شىنجاڭنىڭ غەربى جەنۇبىدىكى قەشقەرگە يېقىن رايوندا ھۆكۈمەتنىڭ مەسچىتلەرنى تاقىغانلىق سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن نامايىشتا، يەرلىك ھۆكۈمەتلەر تەرىپىدىن 60 ئۇيغۇرنىڭ ئېتىپ تاشلانغانلىقى خەۋەر قىلىندى. ھۆكۈمەت ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ھېسسىياتىغا نىسبەتەن باستۇرۇش، روھەختەكە ئېلىنمىغان دىنى سورۇنلارنى چەكلەش، دىنى ئۆلىما ۋە ئىماملارنىڭ سىياسى كۆز قارىشىنى مەجبۇرى ھالدا تېلىۋىزورلاردا كۆرسىتىش ۋە « قانۇنسىز » دىنى ھەركەت ھوقوقلىرنى قاتتىق چەكلەش قاتارلىق ئۇسوللاربىلەن جاۋاپ قايتۇردى.

1996 ـ يىلى خىتاينىڭ بىخەتەرلىكنى قوغداش كۈچلىرى ئاقسۇدىكى بىر يېزىدا ئافغانىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن كىرگۈزۈلگەن يېنىك قۇراللار بىلەن قوراللانغان ئۇيغۇرلار بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغان. نەتىجىدە خىتاي ھۆكۈمىتى بىر قانچە مىڭ خەلق ئازاتلىق ئارمىيەسىنى ئۆلكىگە يۆتكەپ كېلىشكە مەجبۇر بولغان.

1997 ـ يىلى فېۋرالدا ئۆلكىنىڭ شىمالىدىكى غۇلجا شەھرىدە يەنە توپىلاڭ يۈز بەردى. بۇ توپىلاڭدا ئۇيغۇرلار تەرەپ ـ تەرەپتىن قوزغىلىپ، ماشىنىلارنى كۆيدۈرۈپ، خىتايلارنىڭ دۇكانلىرىنى ۋەيران قىلىپ، خىتاي دۆلەت بايرىقىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان ۋە مۇستەقىللىك شۇئارلىرىنى توۋلاشقان. بۇ توپىلاڭدا ئۇيغۇر ۋە خىتايلاردىن بولۇپ 90 ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىگى خەۋەر قىلىنغان. دېڭ شىياۋپىڭ ئۆلۈپ ئۈچ ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدە كەينى ـ كەينىدىن ئۈچ ئاپتوبۇس پارتلاپ، ئاز دىگەندە 9 ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلغان، 74 ئادەم يارىدار بولغان. ئارقىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا بېيجىڭنىڭ ئادەم ئەڭ كوپ توپلىشدىغان رايوندا بىر بومبا قاتتىق پارتىلغان. بۇ شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىك كۆرشىنىڭ ئەمدى خىتاينىڭ يۈرىكىگىچە يىتىپ بارغانلىغىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ

تىبەت ۋە شىنجاڭ بۆلگۈنچى كۈچلىرىنىڭ پايتەختكىچە سىڭىپ كىرگەنلىگىدىن قاتتىق چۈچىگەن بېيجىڭ شەھەرلىك ھۆكۈمەت، يېقىندىن بۇيان مېھمانخانىلارنى قورشاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. قازاقىستان، تۈركىيە، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن ئۇيغۇرلارغا قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولغان بارلىق مېھمانلارنى مېھمانخانىلاردىكى كۆزىتىش ئاپپاراتلىرى ئارقىلىق كۆزەتكەن ۋە تېلفۇن ئاپپاراتلىرنى ئوغرىلوقچە ئاڭلىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي داۋاسىغا كېلىدىغان ياردەم يالغۇز قازاقىستان، قىرغىزىستاندىن كېلىپلا قالماي، بەلكى يىراقتىكى سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە ئىرانغا ئوخشاش مۇسۇلمان دۆلەتلەردىنمۇ كېلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

يەنە بىر قاتار ياردەملەر ئۇيغۇرلارنىڭ چەتئەللەردە چىقىۋاتقان تەشۋىقات ماتېرىياللىرىدىن ۋە سەرگەردان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىدىكى ئىقتىسادى ئاساسقا ئىگە كىشىلەردىن بولماقتا.

ئىلگىرى شىنجاڭداخېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل تۇرغان «ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان بىخەتەرلىگىنى تەتقىق قىلىش مەركىزى» دىكى دروگلاندېي ئەپەندى مەزكۇر ژورنالنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دېدى: « ۋاشىنگىتوندىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستان تەرىپىدىن، باشقا تەشكىلاتلارنىڭكى بولسا تۈركىيە ۋە ئىراندىكى تەشكىلاتلار تەرىپىدىن تەمىنلىنىۋاتقانلىقى ئېنىق». ئىلىدىكى قوزغىلاڭدىن كېيىن سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى غەربىي ئىنسان ھەقلىرى ئورگانلىرىدىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى دىنى ئەركىنلىككە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىنى تەلەپ قىلغان.

ئۆتكەن بىرنەچچە يىلدا بۆلگۈنچىلىك ۋەقەلىرى ئاندا ـ ساندا يۈز بېرىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما 1998 ـ يىلى ئاۋغۇستتا قەشقەرنىڭ يىراق يېزا بازىرىدا تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن سەككىز خىتاي ساقچىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ۋەقەسى بىلەن پۈتكۈل شەھەر قاتتىق قامال قىلىنغان. شىنجاڭنىڭ بازتكوم سېكرېتارى ۋاڭ لېچۈەن شاڭگاڭغا كەلگەندە مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزگەن ۋە نۆۋەتتە شىنجاڭدا تېرورلۇق ھەركەتلىرى ياكى ئۇچىغا چىققان ئەكسىلئىنقىلابى قىلمىشلارنىڭ يامراپ كەتكەنلىگىنى ئىقرار قىلغان. ۋاڭ ئۆز سۆزىدە ھەتتا ئافغانىستاندىكى تالىبانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان 19 تېرورىستتىن تەشكىل تاپقان

ھەركەتتىن ئىبارەت.

يۇقارقى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارمۇ شۇنى ئېنىق كۆرسىتىدۇكى، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قوراللىق كۆرەشلەردە ھېچقاچان ئادەتتىكى خىتاي پۇخرالىرى زەربە بېرىش نىشانى قىلىنمىغان. ۋەتەن ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان يەرئاستى تەشكىلاتلىرىنىڭ چەتئەللەردىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىغا يوللىغان باياناتى ۋە ئاخباراتلىرىدىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ كۆرەش ئوبيېكتىنىڭ ئادەتتىكى خىتاي خەلقى بولماستىن، بەلكى شەرقىي تۈركىستاندا فاشىستىك ۋە تېررورىستىك سىياسەت يۈرگۈزۈۋاتقان خىتاي ھاكىمىيىتى ئىكەنلىكى، ئەگەر شەرقىي تۈركىستاندىكى تەشكىلاتلار نوقۇل ھالدا خىتاي پۇخرالىرىغا زەربە بېرىش ھەرىكىتى ئېلىپ بارغان تەقدىردە، ھەر كۈنى ئەڭ ئاز مىڭدىن ئارتۇق خىتاي پۇخراسىنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقى ئېنىق بايان قىلىنغان.

مەيلى شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرئاستى تەشكىلاتلارنىڭ پۈرگراممىسىدا بولسۇن ياكى ۋەتەن سىرتىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەرىكەت پۈروگراممىسىدا بولسۇن، شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقان ئادەتتىكى خىتاي پۇخرالىرى ھېچقاچان زەربە بېرىش ياكى ھۇجۇم قىلىش نىشانى قىلىنمىغان. دېمەك، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى دۇنياغا شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي ھەرىكەتلەرنى «ئادەتتىكى خىتاي خەلقىنى ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان غازات ئۇرۇشى ۋە تېررورىستىك ھەرىكەت» دەپ تەشۋىق قىلىشىنىڭ ھېچقانداق ئەمەلىي ياكى ستاتىستىكىلىق ئاساسى يوق.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بەزى ئىچكى ماتېرىياللىرىدىكى سانلىق مەلۇماتلارغا ۋە چەتئەلدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان «شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى»، «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» ھەمدە «شەرقىي تۈركىستان ئالاقە- ئۇچۇر مەركىزى» قاتارلىق ئورگانلارنىڭ ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، پەقەت 1990-يىلدىن بۈگۈنگە قەدەر شەرقىي تۈركىستاندا خىتايغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان قوراللىق ۋە تىنچلىق شەكلىدىكى مىللىي كۆرەشلەرگە يەرلىك خەلقتىن 300 مىڭدىن ئارتۇق كىشى بىۋاسىتە قاتناشقان. بۇ كۆرەشلەر جەريانىدا نەقمەيداندا خىتاي ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن، مەھكىمىدە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن ۋە تۈرمىلەردە قىيىن - قىستاق دەستىدىن ئۆلۈپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي سانى تەخمىنەن 7000 ئەتراپىدا، بۇ ۋەقەلەر سەۋەبىدىن قولغا ئېلىنغانلار تەخمىنەن 560 مىڭ ئادەم چىقتىم (بۇلارنىڭ بىر قىسمى سوراق قىلىنىپ قويۇپ بېرىلگەن). ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ تەخمىنەن 10 پىرسەنتى سوت قىلىنىپ مەھكىمە قارارى ئارقىلىق ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن، 90 پىرسەنتى بولسا نەقمەيداندا ئۆلتۈرۈلگەن ۋە تۈرمىلەردە سوت قىلىنماي تۇرۇپ قىيىن - قىستاقتا ئۆلتۈرۈلگەن. ئەپسۇسكى، كىشىنىڭ دىققەت - ئېتىۋارىنى قوزغايدىغان نۇختا شۇكى، يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ۋە قولغا ئېلىنغانلارنىڭ تەخمىنەن 7 پىرسەنتى خىتايغا قارشى قوراللىق كۆرەشلەر جەريانىدا، 93 پىرسەنتى بولسا تىنچلىق شەكلىنى ئالغان نارازىلىق ھەرىكەتلىرى جەريانىدا ئۆلتۈرۈلگەن ۋە قولغا ئېلىنغان. مەسىلەن، 1995-يىلى 7-ئاينىڭ 7-كۈنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەن شەھرىدە يۈز بەرگەن خىتايغا قارشى نامايىش جەريانىدا، شۇ بىر كۈننىڭ ئۆزىدىلا نامايىشقا قاتناشقان 3000 ئادەم تۇتۇپ كېتىلگەن. يەنە مەسىلەن، 1997-يىلى 2-ئايدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ غۇلجا شەھرىدە يۈز بەرگەن خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى كەڭ - كۆلەملىك نامايىش جەريانىدا، نەقمەيداندا 400 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئەسكەرلەر تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن، پەقەت غۇلجا ۋەقەسى مۇناسىۋىتى بىلەنلا ھازىرغا قەدەر ئىلى رايونىدا قولغا ئېلىنغانلارنىڭ ئومۇمىي سانى تەخمىنەن 75 مىڭ ئادەم چىقتىم (بۇلارنىڭ بىر قىسمى سوراق قىلىنىپ قويۇپ بېرىلگەن).

بۇيەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتمەكچىمىزكى، 1997-يىلى غۇلجا ۋەقەسى يۈزبەرگەندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى مەزكۇر ۋەقەنى تاشقى دۇنياغا بىلدۈرگەندە، پاكىتنى بۇرمىلاپ، غۇلجىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي پۇخرالىرىنى ئۆلتۈرۈش ھەرىكىتى قوزغىغانلىقىنى بايان قىلدى. گەرچە ۋەقە جەريانىدا ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار ئوتتۇرىسىدا قىسمەن توقۇنۇشلار يۈزبەرگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇخىل توقۇنۇش ئۇيغۇرلار بىلەن ئىلى رايونىغا يەرلەشكەن ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى» (خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى يېرىم قوراللانغان زاپاس ئەسكىرى قىسمى) نىڭ يېزا ئىگىلىك 1-دېۋىزىيىسى قارمىقىدىكى خىتاي خەلق ئەسكەرلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈزبەرگەن بولۇپ، ئۇ توقۇنۇشنىڭ يۈزبېرىشىغا تامامەن «بىڭتۈەن» قارمىقىدىكى خىتايلار سەۋەبچى بولغان. چۈنكى ئۇلار خىتاي ئەسكەرلىرىگە ۋە ساقچى - ژاندارمىللىرىغا ماسلىشىپ يەرلىك نامايىشچىلارنى تۇتقۇن قىلىشقا ۋە قىرغىن قىلىشقا بىۋاسىتە قاتناشقان، بۇھال، يەرلىك خەلقنىڭ «بىڭتۈەن» قارمىقىدىكى خىتاي پۇخرالىرىغا بولغان نارازىلىقىنى قوزغىغان.

دېمەك، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تىنچلىقى شەكلى بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان ھەققانى تەلەپلىرىگە فاشىستىك ھالدا قانلىق باستۇرۇش، كوللېكتىپ تۇتقۇن قىلىش ۋە قىرغىن قىلىشتىن ئىبارەت تېررورىستىك ۋاستىلار ئارقىلىق جاۋاپ قايتۇرغىنى ئۈچۈن، بۇخىل ھادىسە، شەرقىي تۈركىستاندا ئەسلىدىكى تىنچلىق شەكلىنى ئالغان مىللىي كۆرەشلەرنىڭ پەيدىن - پەي قوراللىق كۆرەشلەرگە ئايلىنىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان. چۈنكى يەرلىك خەلق پارتىزانلىق تۈسىنى ئالغان قوراللىق كۆرەشلەردە تېخىمۇ ئاز قۇربان بېرىدىغانلىقىنى ۋە تېخىمۇئاز تۇتقۇنغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان.

نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا يۈزبېرىۋاتقان مىللىي ۋەقەلەرگە ئومۇمىي يۈزلۈك نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇخىل كۆرەشلەر قوراللىق توقۇنۇش، پارتىلىتىش، نامايىش قىلىش، مەخپىي ھالدا خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش، خىتاي ھۆكۈمىتىگە ۋە چەتئەلدىكى خەلقئارا تەشكىلاتلارغا ئوچۇق ياكى مەخپىي شەكىلدە نارازىلىق مەكتۇبى يوللاش .... قاتارلىق خىلمۇ - خىل شەكىللەرنى ئۆزئىچىگە ئالغان، مىللىي تەركىپ جەھەتتىن ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچى، دېخان، ئىشچى، دىنى زات، ئەدىبىياتچى ۋە سەنئەتچىلەر قاتارلىق ھەممە ساھەنى ئۆزئىچىگە ئالغان. مىللىي ھەرىكەتلەرنىڭ دائىرىسى شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى قەشقەر، خوتەن ، ئاقسۇنى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىدىكى ئىلىنى مەركەزقىلغان ھالدا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەممە رايونلىرىغا كېڭەيگەن. شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللى ھەرىكەتلەرنىڭ خارەكتېرىنى ۋە يېتەكچى ئىدىيىسىنى كۆزەتكىنىمىزدە، ھەرخىل شەكىلنى ئالغان بۇ كۆرەشلەرنىڭ ھەممىسىلا كوممۇنىست خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تەل - تۆكۈس مىللى مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئاساسى غايە ۋە مەقسەت قىلغان.

شەرقىي تۈركىستاندا خىتايغا قارشى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان مەخپىي تەشكىلاتلارنىڭ ئومۇمىي سانى ھەققىدە ئېنىق بىرمەلۇمات يوق، ئەمما، «شىنجاڭ ئۇيغۇرئاپتونوم رايونلۇق سىياسى - قانۇن كومىتېتى» نىڭ رەئىسى بادەيىنىڭ 1990-يىلدىكى بىردوكلاتىدا، شەرقىي تۈركىستاندا يەرلىك مىللەتلەردىن تەشكىللەنگەن ئاساسلىق 14مەخپىي تەشكىلات بارلىقى بايان قىلىنغان ئىدى. ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نۆۋەتتە تارقاتقان ئىچكى ماتېرىياللىرىدا بۇخىل تەشكىلاتلارنىڭ سانىنىڭ 100 دىن ئاشقانلىقى قەيت قىلىنغان. گېرمانىيىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى» نىڭ بىۋاستە شەرقىي تۈركىستاندىن ئىگەللىگەن مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان چوڭ - كىچىك يەرئاستى تەشكىلاتلارنىڭ سانى تەخمىنەن 300 ئەتراپىدا (بۇلارنىڭ ئىچىدە 4 - 5 كىشىدىن تەشكىللەنگەن مارجىنال گۇرۇپپىلارمۇ مەۋجۇت). بۇلارنىڭ ئىچىدە گەرچە چوڭ تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدا ھەمكارلىق ۋە ئالاقە تورى مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما بىخەتەرلىك يۈزىسىدىن كۆپ ساندىكى تەشكىلاتلار ئۆزئالدىغا مۇستەقىل پائالىيەت ئېلىپ بارماقتا.

# « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » ـــ شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي كۈرەشلەرنىڭ مەھسۇلى

ئۆمەرجان شاھيارى

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ۋەتەن سىرتىدا خەلقىمىز كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان 50 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، ياشلار ھەرىكىتىدە خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە ھەرىكەتسىزلىك ۋە پاسسىپلىق ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن ئىدى، ياشلار ھەرىكىتىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىمۇ چېچىلاڭغۇ ۋە جانسىز ئىدى، توغرىسىنى ئېيتساق، ۋەتەن سىرتىدىكى مىللىي مۇجادىلىدە ياشلىرىمىز خېلى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مەۋجۇتلۇقىنى پەقەتلا كۆرسىتەلمەي كەلگەن ئىدى. ئەمما يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندا مىللىي كۈرەشنىڭ بىردىنلا شىددەت بىلەن كۈچىيىپ كېتىشى ۋە بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى ۋە ئالدىنقى سېپىنى پۈتۈنلەي ياشلارنىڭ تەشكىل قىلىشى - ۋەتەن سىرتىدىمۇ شەرقىي تۈركىستان ياشلار ھەرىكىتىنىڭ بىردىنلا جانلىنىپ كېتىشى ۋە كۈچىيىشىدە ھەل قىلغۇچ موھىم رول ئوينىدى. بولۇپمۇ ۋەتەن ئىچىدىكى مىللىي كۈرەشلەر جەريانىدا سانسىزلىغان ياشلىرىمىزنىڭ ۋەتەن - مىللەت يولىدا قىممەتلىك ھاياتىنى قۇربان قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ دۈشمەن ئالدىدا ئۆلۈمگە قىلچە پىسەنت قىلمايدىغان جەڭگىۋار روھىنى نامايەن قىلىشى، ۋەتەن سىرتىدىكى ياشلىرىمىزنىڭ ئىرادىسىنى، جاسارىتىنى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇردى. مانا شۇنىڭ ئىلھامى بىلەن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ۋەتەن سىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى جىددىي تۈردە تەشكىللىنىپ، بىر - بىرى بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ ۋە ئىتتىپاقلىشىپ، ۋەتەن ئىچىدىكى شەرقىي تۈركىستان ياشلار ھەرىكىتىگە يېقىندىن ماسلىشىش مەقسىتىدە، 1996 - يىلى 11 - ئايدا پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇر ياشلىرى ۋەكىللىرى گېرمانىيىنىڭ ميونخېن شەھىرىگە يىغىلىپ، تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە تۇنجى نۆۋەتلىك «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» نى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئېچىپ، پۈتۈن دۇنيادىكى شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىنىڭ سىياسىي جەھەتتىن بىرلەشكەنلىكىنى پۈتۈن دۇنياغا رەسمىي جاكالىدى. بۇقېتىمقى قۇرۇلتاي، ۋەتەن سىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىنىڭ رەسمىي تەشكىللىنىشىدا، مۇنتىزىملىشىشىدا ۋە سىستېمىلىشىشىدا قاراپ ئاتقان تۇنجى قەدىمى ئىدى. بۇقېتىمى تۇنجى قۇرۇلتايدا، قۇرۇلتاي رەئىسى ئۆمەرقانات ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ھەققىدە توختىلىپ: «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى - نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقان خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى مىللىي كۈرەشلەرگە، جۈملىدىن ۋەتەن ئىچىدىكى ياشلار ھەرىكىتىگە يېقىندىن ماسلىشىش ۋە چەتئەللەردىكى ياشلىرىمىزنىڭ بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچىنى سەۋەپەرۋەر قىلىپ، ۋەتەن ئىچىدىكى ياشلار ھەرىكىتىگە ئاكتىپ تۈردە ياردەم بېرىش، ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىمىزنىڭ ئېچىنىشلىق ساداسىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تېخىمۇ لايىقىدا ئاڭلىتىش ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە خەلقئارالاشتۇرۇشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش، شۇنداقلا ۋەتەن سىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنى ۋە ياشلار ھەرىكىتىنى مۇنتىزىملاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى.

ھەقىقەتەنمۇ تۇنجى نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى بارلىققا كەلگەندىن بۇيان، قۇرۇلتاي رەھبەرلىك ئورگىنى پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئومۇمىي يۈزلۈك سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، بىر تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان سىياسىي ۋەقەلەرنى ۋە خەلقىمىزنىڭ ساداسىنى غەرب ئەللىرى ۋە ئىسلام ئەللىرىنى ئاساس قىلغان پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئۈزلۈكسىز لايىقىدا ئاڭلىتىشقا تىرىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنتايىن چەكلىك بولغان ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، شەرقىي تۈركىستانغا چېگرىداش بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىنى بازا قىلغان ھالدا، ۋەتەن ئىچىدىكى مىللىي كۈرەشكە ۋە ياشلار ھەرىكىتىگە قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىشكە تىرىشتى، يەنە شۇنداقلا ۋەتەن سىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىغا بولغان تەلىم - تەربىيىنى كۈچەيتىپ، بارلىق ياشلارنى قۇرۇلتاي ئەتراپىغا توپلاپ، «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» نى شەرقىي تۈركىستان ياشلار ھەرىكىتىنىڭ بازىسىغا ئايلاندۇرۇشقا تىرىشتى. مانا شۇ ئاساستا، 2 - نۆۋەتلىك «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى»، 1998 - يىلى 12 - ئايدا تۈركىيىنىڭ پايتەختى ئەنقەرەدە تېخىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇقېتىمقى قۇرۇلتاي، كۆلىمى، سىياسىي تەسىرى، ۋەكىللەرنىڭ سانى جەھەتتىن تۇنجى نۆۋەتلىك قۇرۇلتايغا قارىغاندا تېخىمۇ زور ۋە كۆپ بولدى، بۇقېتىمقى قۇرۇلتايغا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى دېموكراتىك ئۇسۇلدا سايلاپ چىققان 62 نەپەر ياشلار ۋەكىلى قاتناشقاندىن سىرت، يەنە ۋەتەن سىرتىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان بارلىق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىشتىراق قىلدى. دېمەك بۇ، ۋەتەن سىرتىدىكى ياشلار ھەرىكىتىنىڭ ئومۇملىققا ئىگە بولغانلىقىنى، مۇنتىزىملىشىشقا، سىستېمىلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى ۋە پەيدىن - پەي ۋەتەن سىرتىدا ياشاۋاتقان بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ھىمايىسىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

«دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇن، تاشقى دۇنيادىكى شەرقىي تۈركىستان ياشلار ھەرىكىتىدە بىرقاتار تەييارلىق باسقۇچلىرى بېسىپ ئۆتۈلدى، 90 - يىللىرى كىرگەندىن بۇيان، ئالدى بىلەن ئامېرىكىدىكى شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى تەشكىللىنىپ، «ئەڭرىتاغ ئوقۇغۇچىلار جەمئىيىتى» نى قۇرۇپ چىقتى، ئارقىدىنلا شۋېتسارىيە، گېرمانىيە ۋە تۈركىيىدىكى ياشلار ئورتاق ھالدا «شەرقىي تۈركىستان ياشلار بىرلىكى» نى قۇرۇپ ۋە ئۇنىڭ ئورگان گېزىتى «شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى» گېزىتىنى تەسىس قىلىپ، بۈگۈنكى كۈندە پائالىيىتىنى داۋام قىلدى، كېيىن يەنە تۈركىيىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق ياش ئوقۇغۇچىلار «شەرقىي تۈركىستان ئوقۇغۇچىلار بىرلىكى» نى قۇرۇپ، تۈركىيىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى» نىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاكتىپ ھالدا مىللىي داۋاغا قاتناشتى، ئاخىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ياشلارنى ئاساس قىلغان ھالدا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى بىرلىشىپ، 1995 - يىلى 10 - ئايدا قازاقىستاندا «تۇنجى نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى مەدەنىيەت كۈنلىرى» پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى، بۇقېتىمقى يىغىندا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى ۋەكىللىرى تاشقى دۇنيادا ئېلىپ بېرىلىدىغان ياشلار ھەرىكىتىنىڭ ئومۇمىي ستراتېگىيىسى ھەققىدە ئەتراپلىق پىكىر ئالماشتۇردى ۋە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە چەتئەلدە بارلىق شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگىنى قۇرۇپ چىقىش ھەققىدە بىردەك پىكىرگە كەلدى. بۈگۈنكى «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» مانا شۇنداق جەريانلاردىن ئۆتۈپ بارلىققا كەلدى.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» - چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساسقا ۋە سىياسىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە خەلقئارادا كۈچلۈك سىياسىي نوپۇزغا ئىگە قىلىش - ۋەتەن سىرتىدا ياشاۋاتقان بارلىق شەرقىي تۈركىستان ياشلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان تارىخىي ۋە زېمىسى ۋە مىللىي، ۋىجدانىي بۇرچى. شۇڭا ھەربىر شەرقىي تۈركىستانلىق ياش «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» دىن ئىبارەت بۇ سىياسىي بازىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي كۈرەشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشى لازىم.

# ناتو سىرىپلارغا قاراتقان ئىككىنچى باسقۇچلۇق ھەرىكەت پىلانىنى باشلىدى






**ئۆزخەۋىرىمىز:** بىرقانچە كۈندىن بۇيان كوسوۋادىكى سىرىپ كۈچلىرىنى شۇنچە قاتتىق بومباردىمان قىلىپمۇ يەنە كوسوۋادىكى سىرىپ قىرغىنچىلىقىنى توختىتالمىغان ناتو (شىمالى ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى)، ئىككىنچى باسقۇچلۇق ھەرىكەت پىلانىنى باشلىدى ۋە 44 - پارالېلنىڭ ئاستىدىكى سىرىپ ئەسكىرى نىشانلىرىنى بىۋاستە ئۇرۇشقا باشلىدى. 44 - پارالېلنى «ئۆلۈم سىزىقى» دەپ ئېلان قىلغان ناتو ئەسكىرى كۈچلىرى، سىرىپلارغا، « ئەگەر سەن بۇ سىزىقنىڭ شىمالىغا چېكىنمىسەڭ ئۆلىسەن » دەپ جاكالىدى. ناتونىڭ ئىككىنچى ھەرىكەت پىلانى 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى رەسمى باشلاندى ۋە ناتو ئايروپىلانلىرى 44 - پارلېلنىڭ ئاستىدىكى سىرىپ ئەسكىرى كۈچلىرىنى بىۋاستە ھالدا بومباردىمان قىلىشقا باشلىدى.

يەنەبىرتەرەپتىن سىربىستان ھۆكۈمىتى ناتودىن ئۆچ ئېلىش مەقسىدىدە، كوسوۋالىق ئالبانلارنىڭ 6 نەپەر ئاساسلىق رەھبىرىنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىپ ئېتىپ ئۆلتۈردى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاگانى ۋە ھاجىيۇلار فىرانسىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن سىرىپ - كوسوۋا تېنچلىق سۆھبىتىگە قاتناشقان رەھبەرلەر ئىدى. ئۇندىن باشقا يەنە سىربىستان قوشۇنلىرى كوسوۋانىڭ ھەر تەرىپىدە كوسوۋالىقلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئۆرۈپ - كۆيدۈرۈپ، تەلۋىلەرچە قىرغىنچىلىق قىلىشقا باشلىدى. كوسوۋانىڭ پايتەختى پىرىشتىنەدە ياشاۋاتقان ئاز ساندىكى سىرىپلار ئۆزلىرىنى كوسوۋالىق ئالبانلاردىن پەرىقلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئىشىكگە ۋە تاملىرىغا سىرىپلارنىڭ ئىشارىتى بولغان «س» ھەرپىنى يېزىپ قويىدى. سىرىپ ئەسكەرلىرى بۇ ھەرىپ يېزىلغان ئۆيلەرگە چېقىلمىدى.

كوسوۋادا ناتو ئەسكىرى ھەرىكىتى باشلانغان بىرقانچە كۈن ئىچىدە، پەقەت ئالبانىينىڭ ئۆزىگىلا 70 مىڭ كوسوۋالىق مۇساپىر قېچىپ كەلدى.

ئۆتكەن بىرىلنىڭ ئۆزىدىلا ئۆيىنى تاشلاپ قاچقان كوسوۋالىق مۇساپىرلارنىڭ سانى 500 مىڭغا يەتتى، بۇ، كوسوۋانىڭ ئومومى نوپوسىنىڭ 4 تەن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

بۈگۈنگە قەدەر سىرىپلار كوسوۋادا 300 يېزىنى كۆيدۈرۈپ ۋە ئۆرۈپ - تۈزلەپ يوق قىلىۋەتتى، بۇ يېزىلاردىكى 350 مىڭ كوسوۋالىق مۇساپىر باشقا يۇرتلارغا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

نۆۋەتتە600 مىڭدىن ئارتۇق كوسوۋالىق مۇساپىر سىرىپلارنىڭ قىرغىنچىلىقىدىن ساقلىنىپ قېلىش ئۈچۈن ماكېدونىيە، ئالبانىيە قاتارلىق دۆۋلەتلەرگە قاراپ قاچماقتا.

## سىربىستاندىكى ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى كوسوۋادىكى قىرغىنچىلىقنىڭ جاۋابكارلىرىنى ئېلان قىلىپ، ئۇلارنى گوللاندىيىنىڭ لاھىي شەھىرىدىكى خەلقئارا ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى سوراق مەھكىمىسىگە تۇتۇپ بېرىش كېرەكلىكىنى بايان قىلدى. ئەنگلىيە ئېلان قىلغان سىرىپ ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. سلوبودان مىلوشېۋىچ: (يۇگوسلاۋىيە پىرېزىدېنتى)
2. رادومىر ماركوۋىچ: (يۇگوسلاۋىيە بىخەتەرلىك تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى)
3. ۋىلاز كو شتېلىكوۋىچ: (يۇگوسلاۋىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى)
4. گېنېرال دىراگولىيۇب ئوجدانىچ: (يۇگوسلاۋىيە ئارمىيىسى باش مەسلىھەتچى ئورۇنباسارى)
5. گېنېرال پاۋكوۋىچ: (كوسوۋادىكى ھەربىي ھەرىكەتكە بىۋاستە كومانداسلىق قىلغان يۇگوسلاۋىيە 3 - كورپۇس ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى)
6. نىكولاي ساينوۋىچ: (يۇگوسلاۋىيە باش مىنىستىرى ئورۇنباسارى)

## روسىيە ئاق دېڭىزغا ھەربى پاراخوتلىرىنى كىرگۈزۈشنى قارار قىلدى

ئۆز خەۋىرىمىز: ناتو يۇگوسلاۋىيەگە قارشى ھەربى ھەرىكەت باشلىغان 24 - مارت كۈنىلا، بومباردىماننىڭ دەرھال توختۇتۇلىشى ئۈچۈن غەرپ ئەللىرىگە چاقىرىق قىلغان روسىيە، ناتوغا ھەيۋە كۆرسىتىش ئۈچۈن يەتتە ئۇرۇش پاراخوتىدىن تەركىپ تاپقان دېڭىز پىلوتىنى ئاق دېڭىزغا كىرگۈزىشنى قارار قىلدى. پاراخوتلارنىڭ ئالدىنقى قىسمى 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، ئىككىنچى قىسمى 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئىستانبۇل بوغىزىدىن كېچىپ ئاق دېڭىزغا كىرىدۇ.

روسىيەنىڭ باش مىنىستىرى يېۋگېنى پىرىماكوۋنىڭ مۇرەسسە ئۈچۈن بېلگىراتقا قىلغان ئاخىرقى سەپىرى ئۇتۇقسىزلىققا ئۇچۇرغاندىن كېيىن روسىيەنىڭ ئالغان بۇ قارارى، غەرپ ئەللىرىنى ئەندىشىگە سالدى.

گېزىتىمىز 1999 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن ئېتىبارەن نەشر قىلىنماقتا.
جانابى ئاللاھ مەدەتكارىمىز بولغاي!

ETIC
Lindwurmstr. 99
80337 Munchen Germany
E Mail: etic@ uygur.com
Internet:www.uygur.com
Tel:0049/89/5438898
Fax: 0040/89/54456330

گېزىتىمىزگە بېسىلغان ماقالىلارنىڭ مەۋقەسى ئاپتۇرلىرىمىزغا ئائىتتۇر. گېزىتىمىزگە ئەۋەتىلگەن ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ. ۋەتەن ھەققىدىكى مۇھىم ئاخباراتلارغا مۇۋاپىق ھەق بېرىلىدۇ.

تەھرىرلەر:
پەرىدە نىياز
ئايگۈل نەسەتكىچىك
كورىكتور:
ئۇچقۇن قەشقىرى

گېزىتنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە ساھىبى:
ئابدۇلجېلىل قارقاش
گېزىت مەسئۇلى ۋە باش تەھرىر:
پەرھات مۇھەممىدى
تەھرىر ۋە مونتاژ:
ئۆمەرجان شاھيارى

«شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى» نەشر قىلدى

« ئۇچقۇندىن يالقىن چىقىدۇ » ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرى

# ئۇچقۇن

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشىر قىلدى

1999 - يىلى 4 - ئاي

3 - سان

(ئومۇمىي 5 - سان)
گېرمانىيەدە نەشىر قىلىندى

ھەپتىلىك سىياسىي - ئىلمىي
گېزىت

گېزىتىمىز 1999 - يىلى
3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن
ئېتىبارەن نەشىر قىلىنماقتا

## خوتەندە بىر مۇجاھىت بەدىنىگە بومبا تېڭىپ خىتاي ساقچىللىرىنىڭ ئارىسىغا ئېتىلىپ كىرىپ ئۆزىنى پارتىلاتتى

ئۆز مۇخبىرىمىز ئابلىز پىدائى خەۋەر قىلىدۇ: 1999 - يىلى 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، يەنى مۇبارەك قۇربان ھېيتنىڭ 1 - كۈنى ناماز ۋاقتىدا، خوتەن شەھىرىدە خىتاي ساقچىللىرى جامائەتنىڭ ناماز ئوقۇشىنى توسۇشقا ئورۇنغان، دەل بۇ پەيتتە بېلىگە كۈچلۈك پارتلاش خارەكتېرلىق بومبا تېڭىۋالغان بىر ئۇيغۇر مۇجاھىت تۇيۇقسىزلا ئوتتۇرىغا چىقىپ جامائەتنى ئۇرۇپ - سوقۇۋاتقان خىتاي ساقچىللىرىغا قاراپ ئېتىلغان، بۇنى سەزگەن 4 نەپەر خىتاي ساقچىسى مۇجاھىدىمىزنى ئېتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يېپىشىپ كەلگەن، بۇچاغدا مۇجاھىدىمىز بېلىگە تېڭىۋالغان بومبىنىڭ پىلىكىنى تارتقان. مۇجاھىدىمىزنىڭ بەدىنىدىكى بومبا يەر - جاھاننى زىل - زىلىگە سالغان ھالدا دەھشەتلىك پارتلاپ، نەقمەيدانىدىلا مۇجاھىدىمىز شېھىت بولغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە 8 نەپەر خىتاي ساقچىسى ئۆلگەن ۋە كۆپلىگەن خىتاي ساقچىسى ئېغىر يارىلانغان. ۋەقەدىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى خوتەندە جىددىي ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈپ، خوتەنگە كىرىدىغان بارلىق يوللارنى قاتتىق قامال قىلىپ سىرتتىن خوتەن تەۋەسىگە ھېچكىمنى كىرگۈزمىگەن.

شېھىت بولغان مۇجاھىدىمىزنىڭ ئىسىم - فامىلىسى ھازىرغا قەدەر ئېنىق گېزىتىمىزگە نامەلۇم. گېزىتىمىز كېيىنكى سانلىرىدا ۋەتەنداشلىرىمىزغا ئېنىقمۇ تەپسىلىي خەۋەر بېرىشكە تىرىشىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا، 4 كۈنلۈك قۇربان ھېيت جەريانىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا بومبا پارتلاش ۋەقەلىرى يۈز بەرگەن.

## بېرلىندا ئۆتكۈزۈلگەن كوسوۋا ھەققىدىكى خەلقئارالىق كونفرانستا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ئالاھىدە تەكىتلەندى

ئۆزمۇخبىرىمىز خەۋەر قىلىدۇ: بۇيىل 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى « گېرمانىيە مۇسۇلمان ئادۋۇكاتلار جەمئىيىتى » بېرلىن شەھىرىدە كوسوۋا مەسىلىسى ھەققىدە مەخسۇس خەلقئارالىق كونفرانس ئۆتكۈزدى.

( داۋامى 2 - بەتتە )



## « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى »، لى پېڭنىڭ تۈركىيەگە زىيارەتكە كەلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن تۈركىيە پارلامېنتىنىڭ باشلىقى ھىكمەت چېتىنگە مەكتۇپ يازدى

ئۆزمۇخبىرىمىز خەۋىرى: بۇيىل 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى »، خىتاي پارلامېنتىنىڭ باشلىقى لى پېڭنىڭ تۈركىيەگە رەسمىي زىيارەتكە كەلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن تۈركىيە پارلامېنتىنىڭ باشلىقى ھىكمەت چېتىن ئەفەندىگە ئالاھىدە مەكتۇپ يوللاپ، ئۇنىڭغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆزۈەتتىكى سىياسىي ۋەزىيىتى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، تۈركىيە پارلامېنتى ۋە ھۆكۈمىتىدىن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزىۋاتقان قىرغىنچىلىق سىياسىتىگە يېقىندىن دىققەت قىلىشنى ۋە ئۇنىڭغا تېگىشلىك ئىنكاس قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھىكمەت چېتىن ئەفەندىدىن لى پېڭ بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇنىڭغا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى تاجاۋۇزچىلىقلىرىنى تىلغا ئېلىشنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتمەسلىكىنى ئىلتىماس قىلدى.

« دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسانىڭ ئىمزاسى بىلەن تۈركچە يېزىلغان بۇ مەكتۇپ، 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى فاكس ئارقىلىق بىۋاستە ھالدا تۈركىيە پارلامېنتىنىڭ باشلىقى ھىكمەت چېتىنغا يوللاندى.

## لى پېڭ تۈركىيەنىڭ باش مىنىستىرى بۈلەنت ئەجەۋىتتىن تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايغا قارشى « مىللىي بۆلگۈنچىلىك » ھەرىكەتلىرىنى چەكلەشنى تەلەپ قىلدى

شاڭگاڭدا چىقىدىغان « شىڭداۋ » گېزىتىنىڭ بۇيىل 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان خەۋەرنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىگە رەسمىي زىيارەت ئۈچۈن كەلگەن خىتاي پارلامېنتىنىڭ باشلىقى لى پېڭ، مۇشۇ ئاينىڭ 5 - كۈنى تۈركىيەنىڭ باش مىنىستىرى بۈلەنت ئەجەۋىت بىلەن كۆرۈشكەندە، تۈركىيە ھۆكۈمىتىدىن ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان تۈركىيەدە خىتايغا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرىنى چەكلەشنى ھەمدە خىتاينىڭ دۆۋلەت پۈتۈنلىكىگە ھۆرمەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان.

( داۋامى 3 - بەتتە )

## قازاقىستان قايتۇرۇپ بەرگەن خەمىت مۇھەممەت قاتارلىق ياشلار غولجىدىكى ھەربىي تۈرمىگە قامالدى

قازاقىستاندىكى « ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى » نىڭ رەئىسى قەھرىمان غوجامبەردى خەۋەر قىلىدۇ: شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇيىلنىڭ باشلىرىدا قازاقىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن خىتاي ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بېرىلگەن خەمىت مۇھەممەت، قاسىم مەخپىر، ئىلياس زوردۇن قاتارلىق مۇجاھىتلىرىمىز غولجىدىكى مەلۇم ھەربىي تۈرمىگە قامالغان. خىتاي دائىرلىرى بۇ ئۈچ نەپەر مۇجاھىدنى تۈرمىدە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىي ئۇسۇللار بىلەن قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئېلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى بىلەن ئالاقىدار دەپ گۇمان قىلغان ئون غۇن ياشلارنى قولغا ئېلىپ تۈرمىلەرگە تاشلىغان.

« ئامېرىكا ئۇيغۇرلار بىرلىكى » يېقىندا، غولجا ۋەقەسى مۇناسىۋىتى بىلەن خىتايلار تەرىپىدىن شېھىت قىلىنغان 114 نەپەر ئۇيغۇرنىڭ تىزىملىكىنى ئامېرىكا پارلامېنتىغا يوللىدى. بۇ تىزىملىككە، 114 نەپەر شېھىتىمىزنىڭ ئىسىم - فامىلىسى، يېشى ۋە يۇرتى ئېنىق بايان قىلىنغان.

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشىر قىلدى

# مىللىي ئارمىيىمىزنىڭ 54 يىللىق شانلىق تارىخىنى خاتىرلەيلى



ئەخمەت ئىگەمبەردى

(شەرقىي تۈركىستان مىللى ئارمىيسىنىڭ 54 يىللىقىغا بېغىشلايمەن)

1999 - يىلى 8 - ئاپرىل، شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتى مىللى ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 54 يىللىق خاتىرە كۈنى ھىساپلىنىدۇ.

1944 - يىلى 11 - نويابىر غۇلجا ئازات قىلىنىپ، 12 - نويابىردا شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى تەنتەنە بىلەن جاكالىنىدۇ ھەمدە 17 كىشىلىك كابىنىدىن تەركىپ تاپقان يۇقۇرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستان مىللى ئارمىيىسى رەسمى قۇرۇلىدۇ. بىرقانچە ئايدىن كېيىن، يەنى 1945 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى غۇلجا شەھرىدىكى تەنھەركەت مەيدانىدا مىللى ئارمىنىڭ قۇرۇلغانلىقى رەسمى ئېلان قىلىنىپ، ئازات قىلىنغان غۇلجا خەلقىنىڭ غەلبە شادىيانىسىدا مىللى ئارمىيە قىسىملىرى ھەيۋەت بىلەن پاراد مارشىدىن ئۆتىدۇ.

شۇ چاغدىكى مىللى ئارمىيە 13 مىڭ جەڭچىدىن تەركىپ تېپىپ، 5 پولكقا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئاتلىق قىسىملار، پىيادە قىسىملار ھەم ماشىنلاشقان قىسىملارغا بۆلىنەتتى. ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ قۇراللىرى ئاساسەن سوۋېت قۇراللىرى ئىدى. مىللى ئارمىيە تېزدىن تەرەققى تېپىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە 30 مىڭغا يەتكەن.

مىللى ئارمىيە ئالدىدا، گومىنداڭ زۇلمى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستان تۇپرىغىنى ئازات قىلىشتەك ئۇلۇغۋار ۋەزىپە تۇراتتى. مىللى ئارمىيە ئاۋغۇستتا تارباغاتاينى، 6 - سىنتەبىردە ئالتاينى، كېيىن ئۈرۈمچىنىڭ ئاساسىي دەرۋازىسى ھىساپلانغان شىخونى جەڭ قىلىپ ئېلىپ، ناھايىتى تېزلىك بىلەن غەلبىلىك يۈرۈشلەر قىلىپ، ئۈرۈمچىگە 180 كىلومېتىر كېلىدىغان ماناسقىچە يۈرۈش قىلىپ كەلدى. ماناس دەرياسى بويىدىن ئۈرۈمچىگە ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان چاغدا، دىكتاتور ستالىننىڭ بۇيرىقى بىلەن ئارمىيەنىڭ غەلبىلىك ئىلگىرلىشى توختىدى.

شەرقىي تۈركىستان مىللى ئارمىيىسىنىڭ دەسلەپكى قۇرغۇچىللىرى مارشال ئېلىخان تۆرە، زۇنۇن تەيىپوۋ ۋە باشقىلار بولۇپ، پارتىزان قىسىملىرىنىڭ كوماندىرلىرى غېنى باتۇر، ئەكبەر باتۇر ۋە پاتىخ باتۇرقاتارلىقلار ئىدى. بۇ ئارمىيە گومىنداڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى 100 مىڭ ئارمىيەسىنى كاردىن چىقارغان.

مىللى ئارمىيە پۈتۈنلەي تارىختىكى ئوغوزخاندىن تارتىپ قۇرۇلغان ئۇيغۇر دۆۋلەتلىرىنىڭ ھەربى ستراتىگىيىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان ئىدى. مەرھۇم گېنىرال مايۇر زۇنۇن تەيىپوۋ، «ئازاتلىق ئۈچۈن» دىگەن كىتاۋىدا: «شەرقىي تۈركىستان تارىخىدا بۇ ئارمىيە ھەقىقى مىللى، زامانىۋى ئارمىيە بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رېسپوبلىكىلىرىنىڭ ھېچ قايسىسىدا يوق ئىدى» دەپ يازغان.

شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتى ئۈچۈن ئەڭ دەسلەپكى توزاق «11 بېتىم» بولدى. 1950 - يىلى 14 - فېۋرالدا، ستالىن بىلەن ماۋزىدۇڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ساتقان «جۇڭگو - سوۋېت شەرتنامىسى»

نى ئىمزالىدى ھەمدە شەرقىي تۈركىستان مىللى ئارمىيسى، جاللات ۋاڭجېن ۋە ۋاڭ ئېنماۋلارنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ 5 - كورپۇسىغا قوشۇۋېتىلدى.

1950 - يىلىدىن 1955 - يىلىغىچە بولغان مەزگىل ئىچىدە كوممۇنىست خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىدىن ۋە ئۇنىڭ قەھرىمان مىللى ئارمىيىسىدىن ئۆچ ئېلىش مەقسىدىدە قوزغىغان «پان تۈركىزىم ۋە پان ئىسلامىزىمغا قارشى تۇرۇش»، «ئەكسىلئىنقىلاپچىلارغا زەربە بېرىش»، «3 خىل ئۇنسۇرلارغا قارشى تۇرۇش» دىگەنگە ئوخشاش مۇستەملىكىچىلىك: باسقۇنچىلىق سىياسى ھەرىكەتلىرى نەتىجىسىدە، مىللى ئارمىيەنىڭ ئوفىستىر - جەڭچىلىرى، ۋەتەنپەرۋەر مىللى رەھبەرلەر، زىيالىلار ۋە دىنى زاتلاردىن بولۇپ 100 مىڭدىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستانلىق ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرقىسمى ئافغانىستان، سوۋېت ئىتتىپاقى، تۈركىيە ۋە ئاۋىستىرالىيەلەرگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. قالغانلىرىنى بولسا كېيىنكى ھەرىكەتلەردە ئاساسەن يوق قىلىپ تۈگەتتى.

1999 - يىلى 5 - ئاپرىل (لىۋېرپول - سىدنېي)

## پۈتۈن دۇنيادىكى كوسوۋالىق ياشلار ۋەتىنى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشقا ھازىرلانماقتا

**ئۇخەۋرىمىز: دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدە ياشاۋاتقان كوسوۋالىق ياشلار، مىللىتىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇرۇشقا قاتنىشىش ئۈچۈن ماكېدونىيە ۋە ئالبانىيىدىكى كوسوۋا چېگرىسىغا تويلىنىشقا باشلىدى. بۇ ياشلارنىڭ ئىچىدە قورال ئىشلىتىشنى بىلىدىغانلىرى ئۇدۇللۇق كوسوۋا قۇرتۇلۇش ئارمىيىسى سېپىگە قوشۇلۇپ ئالدىنقى سەپكە ئاتلاندى، قورال ئىشلىتىشنى بىلمەيدىغانلىرى دەرھال ئالبانىيە، ماكېدونىيە قاتارلىق جايلاردىكى لاگېرلاردا جىددى تۈردە ھەربى تەلىم ئېلىشقا باشلىدى.**



## ئامېرىكا خىتاينى، يادرو قوراللىرى مەخپىيەتلىكىمىزنى ئوغرىلىدى، دەپ ئەيىپلىدى

**«خىتاي سودىگەرلىرى گېزىتى» نىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، يېقىندا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتاي ھۆكۈمىتىنى، «ئامېرىكىدىكى جاسوسلىرىدىن پايدىلىنىپ ئامېرىكىنىڭ ئەڭ ئىلغار ئاتوم قوراللىرى ئېخنىكىسىغا ئائىت مەخپىيەتلىكنى ئوغرىلىدى» دەپ ئەيىپلىگەن. گەرچە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئامېرىكا گەرەۋدانى بولغان خىتاي ئالىمى لى ۋېنخېنىڭ ئامېرىكىنىڭ يادرو قوراللىرى تېخنىكىسىنى ئوغرىلاپ خىتايغا بەرگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان بولسىمۇ، ئەمما خىتاينىڭ ئامېرىكىدىكى باش ئەلچىسى باياناتت ئېلان قىلىپ، «بۇھەقتە ئامېرىكىنىڭ ھېچقانداق دەلىل - ئىسپاتى يوق» دەپ تېنىۋالغان.**

# خىتاي ھەققىدىكى يېڭى يۈزلىنىشلەر

## ناتونىڭ كوسوۋا ھەرىكىتىگە قارشى چىققان جاڭ زېمىن، خىتاي ئارمىيىسىنىڭ زامانىۋىلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىشنى تەلەپ قىلدى



خىتايچە ياۋروپا گېزىتى نىڭ 4 - ئاينىڭ 8 - كۈندىكى سانىغا بېسىلغان خەۋەرنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلانغاندا، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتى ھەربى ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى جاڭ زېمىن، مۇشۇ ئاينىڭ 7 - كۈنى خىتاي ئارمىيىسىگە يولىيورۇق بېرىپ، ھەربى قىسىملارنىڭ زامانىۋىلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىشنى تەلەپ قىلغان. جاڭ زېمىننىڭ يولىيورۇقىدا، نۆۋەتتە دۇنيادىكى زومىگەر كۈچلەرنىڭ ۋە سىياسى زوراۋانلىقنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقى، دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ تېنچ ئەمەسلىكى، شۇڭا ھەربى قىسىم قۇرۇلۇشىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈر مەسىلىگە ئايلانغانلىقى بايان قىلىنغان. جاڭ زېمىننىڭ يولىيورۇقىدا مۇنداق دىيىلىدۇ: نۆۋەتتە دۇنيا زومىگەرلىكى ۋە سىياسى زومىگەرلىك كۈچىيىپ، دۇنيانى تېنچسىزلىق قاپلىدى، شۇڭا خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى ئۆزىنىڭ قىسىم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يۇقۇرى تېخنىكىلىق ئۇرۇشلاردا غەلىبە قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ بىخەتەرلىكىنى ناھايىتى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىشى لازىم ».

شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، جاڭ زېمىن 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى بېيجىڭ ھەربى رايونىنىڭ ھەربى تېخنىكا مۇۋاپىقىيەتلىرى كۆرگەزمىسىگە قاتناشقاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: « گەرچە نۆۋەتتە خەلقئارا ۋەزىيەت بىرئاز يۇمشىغان بولسىمۇ، ئەمما جىددىلىك ۋە مۇقىمسىزلىق يەنىلا مەۋجۇت. شۇڭا ھەربى قىسىم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش تولىمۇ موھىم، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، قورال - ياراقلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم ».

جاڭ زېمىن يەنە تەكىتلەپ مۇنداق دىگەن: « ئىلغار زامانىۋى قوراللار - قىسىملارنىڭ زامانىۋىلىشىشىنىڭ ئاساسى ئۆلچىمى، يەنە شۇنداقلا كەلگۈسىدىكى يۇقۇرى تېخنىكىلىق ئۇرۇش مۇداپىيەسىنىڭ ئاساسى، شۇڭا خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى دۇنيانىڭ ھەربى تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە ياخشى ماسلىشىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلى ئەھۋالىغا ئاساسەن كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، يېڭى قوراللار بىلەن قوراللىنىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، يېتەرلىك زامانىۋى قوراللار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇشى، شۇنداقلا قىسىملاردىكى مەۋجۇت قوراللارنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرۇشىمىز لازىم ».

نۆۋەتتە دۇنيادا ستراتېگىيىلىك قورال - ياراقلارنى قىسقارتىش تەكىتلىنىۋاتقان بىر پەيتتە، جاڭ زېمىننىڭ ئەسكىرى قىسىملارنى كۈچەيتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالاھىدە تەكىتلىشى، خىتاينىڭ كەلگۈسىدە دۇنياغا زومىگەرلىك قىلىش نىيىتىنى ئېنىق ئاشكارىلاپ بەرمەكتە.

## خىتاينىڭ باش مىنىستىرى جۇرۇڭجى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 18 خىل زور قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان



ئۆز خەۋىرىمىز: خىتاينىڭ باش مىنىستىرى جۇرۇڭجى بۇيىل 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىدا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىدا، نۆۋەتتە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسات قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردە 18 خىل زور جىددى قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەنلىكىنى ۋە بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاساسلىق قىيىنچىلىقنىڭ بازار ئىگىلىكىنىڭ تۇرغۇنلۇقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان تاۋار ماللارنىڭ سېتىلماي بېسىلىپ قالغانلىقى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

### خىتاي يېڭى سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى تارقاتماقچى

ئۆز خەۋىرىمىز: خىتاي ھۆكۈمىتى بۇيىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ھازىرقى سالاھىيەت گۇۋانامىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ يېڭى سالاھىيەت گۇۋانامىسى تارقاتماقچى. خىتاينىڭ يېڭى سالاھىيەت گۇۋانامىسى 18 خانىدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ۋاختى مەڭگۈلۈك.

### خىتاي يازغۇچى ۋاڭ لىشوڭ شەرقى تۈركىستاندا قولغا ئېلىندى

« خىتاي سودىگەرلىرى گېزىتى » نىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، خىتاينىڭ مەشھۇر يازغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولغان ۋاڭ لىشوڭ بۇيىل 1 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، « دۆلەتنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلاپ، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزگەن » دىگەن بەدنام بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شەرقى تۈركىستاندا قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە قامالغان.

## خىتاي پارلامېنتى، خىتاي ھۆكۈمىتى ئىمزا قويغان « دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى باياننامىسى » نى تەستىقلىمىدى

ئۆز خەۋىرىمىز: خىتاينىڭ « مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېتى قانۇن خىزمىتى كومىتېتى » نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى گاۋشاۋياڭنىڭ يېقىندا بايان قىلىشىچە، ئۆتكەن يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى قول قويغان « بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى ئومۇمى باياننامىسى » نىڭ تەركىبىدىكى « ئىقتىسادى، ئىجتىمائى ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقلىرى خەلقئارا ئەھدىنامىسى » ۋە « پۇخرالار ھوقۇقى ۋە سىياسى ھوقۇق خەلقئارا ئەھدىنامىسى » تېخى ھازىرغا قەدەر خىتاي پارلامېنتى تەرىپىدىن رەسمى تەستىقلانمىغان. گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ئىككى ئەھدىنامىگە ئىمزا قويغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ خىتاينىڭ « مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېتى » دا رەسمى تەستىقلانغانغا قەدەر ئىناۋەتسىز ھېساپلىنىدۇ ھەمدە خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماسلىق سالاھىيىتىگە ئىگە. دۇنيا جامائەتچىلىكى، خىتاي پارلامېنتىنىڭ بۇ ئىككى خەلقئارا ئەھدىنامىنى ھازىرغا قەدەر سوزۇپ قەستەن تەستىقلىمىغانلىقىنى، خىتاينىڭ ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىدىكى سەممىيەتسىزلىكىنىڭ روشەن ئىپادىسى دەپ قارىماقتا.

## خىتاي ھەربى خىراجىتىنى ئاشۇردى

« خىتاي سودىگەرلىرى گېزىتى » نىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيىللىق دۆلەت مۇداپىيەسى خىراجىتى 150 مىليارت 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئۆتكەن يىلدىكىگە قارىغاندا 12.7 پىرسەنت ئاشقان ھەمدە تارىختىن بۇيانقى ئەڭ يۇقۇرى سەۋىيىگە يەتكەن.

## بۇيىل خىتاينىڭ مالىيەسىدىكى قىزىل رەقەم 50 مىليارت يۈەنگە چىقىدۇ

ياۋروپادا چىقىدىغان « خىتاي سودىگەرلىرى گېزىتى » نىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، خىتاينىڭ مالىيە مىنىستىرى بۇيىل 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بېيجىڭدا چاقىرىلغان « مەملىكەتلىك 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - ئومۇمى يىغىنى » دا بەرگەن دوكلاتىدا، بۇيىل خىتاينىڭ مالىيەسىدىكى قىزىل رەقەمنىڭ 50 مىليارت يۈەنگە يېتىپ، ئېشىش نىسبىتىنىڭ 56 پىرسەنگە چىقىدىغانلىقىنى ھەمدە 99 - يىلنىڭ خىتاي ئىقتىسادى ئۈچۈن ناھايىتى قىيىن بىر يىل بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

شەرقى تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى نەشر قىلدى

# زىيا سەمەدى 85 ياشتا

ئەخمەت ئىگەمبەردى
(ئاۋۇستىرالىيە)

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەندى، ئۇيغۇر يېڭى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىللىرىدىن بىرى، مەشھۇر يازغۇچى ۋە جامائەت ئەربابى زىيا سەمەدىي بۇ يىل 15 - ئاپرېل كۈنى 85 ياشقا كىردى.

زىيا سەمەدىي 1914 - يىلى يەركەنت ناھىيىسىنىڭ خۇنخەي يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇ، 1934 - ۋە 1935 - يىللىرى غۇلجىدىكى «ئۇيغۇر مەدەنى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى » دا مەسئول خىزمەتلەردە بولغان. 1937 - يىلى ۋەتەن ئىستىقلالىيىتى ۋە خەلق ئازاتلىقى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان مىللى تەشۋىقات پائالىيەتلىرى تۈپەيلىدىن جاللات شىڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلانغان. يەتتە يىللىق قىين - قىستاق، زۇلۇم ۋە ئازاپلاردىن كېيىن، 1944 - يىلى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنقىلاۋى كۈچلەرنىڭ شىڭشىسەيگە بېسىم ئىشلىتىشى نەتىجىسىدە تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن ۋە ئارقىدىنلا ئىلىدا قۇرۇلغان « شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتى » ھۆكۈمىتىدە موھىم خىزمەتلەردە بولغان.

زىيا سەمەدىي ئەدەبى ھاياتىنى درامما يېزىش بىلەن باشلىدى. ئۇنىڭ ئۇنلىغان ئەسەرلىرى ئىچىدە، « قانلىق داغ »، « زۇلۇمغا زاۋال »، « غېرىپ - سەنەم » قاتارلىق دراممىلىرى ئالاھىدە ئورۇن ئىگەللەيدۇ. بۇ ئەسەرلەر 30 - يىللاردا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى غەزىنىسىگە قوشۇلغان ئاجايىپ جەۋھەرلەر بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

يازغۇچى، 1949 - يىلدىن 1961 - يىلغىچە شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مەدىنى - مائارىپ ۋە ئەدەبىيات - سەنئىتىنى تەرەققى قىلدۇرۇش، ئۇنى ساقلاپ قېلىش، يازغۇچىلارنى، مەرىپەت خادىملىرىنى تەربىيلەش قاتارلىق جەھەتلەردە زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

ئۇستازىمىز زىيا سەمەدىي شەرقىي تۈركىستاندا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «مەدىنىيەت نازارىتى» نىڭ نازىرى، « ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى» نىڭ ۋە « ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار ئىتتىپاقى » نىڭ رەئىسى... قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى ۋە بۇ جەرياندا خەلقىمىزگە ئۆچمەس خىزمەتلەرنى قىلدى. بۇ ساھەنى مىلللەشتۈرۈشتە، مىللي مەدىنىيىتىمىزنى قوغداشتا شانلىق تۆھپىلەرنى قوشتى.

زىيا سەمەدىي، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن مەشھۇر يازغۇچى سۈپىتىدىلا ئەمەس، بەلكى كومۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۆرەشتە يىراقنى كۆرەر سىياسىيونلىقى، قەتئى ئىگىلمەس - سۇنماس جاسارىتى، ۋەتەن - مىللەتكە بولغان چەكسىز پىداكارلىقى ۋە سادىقلىقى بىلەن تىللاردىن - تىللارغا داستان بولۇپ كەلگەن بۈيۈك مۇجاھىدىمىز ۋە شۇنداقلا، مۇستەقىللىق كۈرىشىمىزدە يارىتقان ئاجايىپ مىللىي قەھرىمانلىق ئوبرازى بىلەن، شەرقىي تۈركىستان تارىخىغا ئالتۇن قەلەملەر بىلەن يېزىلىپ، خەلقىمىز دىللىردا مەڭگۈ ياد ئېتىلىدىغان مەشھۇر تارىخى شەخسلىرىمىزدىن بىرىدۇر. زىيا سەمەدىي خەلقىمىزنىڭ بۇ ئىشەنچىسىنى، 1954 - يىلدىكى «ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم» نىڭ 6 ئايغا سوزۇلغان، « يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ئومومى يىغىنى» دا قانخور جاللات ۋاڭ ئىنماۋ بىلەن قىلغان ھايات - ماماتلىق كۈرەشىدىلا تولۇق قولغا كەلتۈرگەن ئىدى.

1958 - يىلى خىتاي شوۋىنىستلىرى زىيا سەمەدىنى ئۆزخەلقىنىڭ مەنپەتىنى قوغداپ، خىتاي مىللەتچىلىگىگە قارشى كۆرەش قىلغانلىقى ئۈچۈن، « مىللەتچى » دەپ قارىلاپ، ئەمگەك لاگىرىغا سۈرگۈن قىلدى.

زىيا سەمەدىي 1961 - يىلى ئائىلىسى بىلەن قازاقىستانغا كۆچۈپ چىققاندىن كېيىنلا ئاندىن قاتمۇ - قات زىيانكەشلىكلەردىن قۇتۇلدى.

يازغۇچىنىڭ ، « مايىمخان »، « يىللار سىرى »، « غىنى باتۇر »، « ئەخمەت ئەپەندى » قاتارلىق يىرىك رومانلىرى، « دەرتمەنىنىڭ زارى »، « بىر تال پاپىروس »، « ئۈرۈك گۈللىگەن چاغدا » قاتارلىق قىسسىلىرى، « لاشمان »، « ئىپارخان » قاتارلىق پوۋېستلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدىكى ئۆلمەس ئەسەرلەردىن ئىبارەتتۇر.

ۋەتەنپەرۋەر يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىدە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئازاتلىقى ھەمدە ۋەتەن ئىستىقلالىيىتى ئاساسى تېما قىلىنغان.

ئەدىپنىڭ ئەدەبى ئىجادىيەتتىكى بۈيۈك خىزمىتى قازاقىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مۇناسىپ باھالىنىپ، ئۇنىڭغا، « قازاقىستان خەلق يازغۇچىسى » دىگەن پەخرى نام بېرىلگەن. قازاقىستان ھۆكۈمىتى بۇ ئۇيغۇر يازغۇچىسىنىڭ 80 ياشقا كىرگەنلىك مۇبارەك توينى قازاقىستان ئەدەبىياتىنىڭ بايرىمى سۈپىتىدە 94 - يىلى 14 - ئىيون كۈنى ئالمۇتادا ئۆتكۈزگەن ئىدى.

ئۇستاز يازغۇچىمىز مانا بۈگۈن 85 ياشقا كىردى. ئۆتكەن يىلى مايدا ئالمۇتاغا بارغان ۋاقتىمدا دوستۇم دولقۇن بىلەن زىيا ئاكامىنىڭ زىيارىتىگە بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن 3 قېتىم كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. ئاڭلىسام ھازىر قىزى بىلەن بىرگە تۇردىكەن، باشقا بالىلىرىمۇ داۋاملىق ئۇنى يوقلاپ ياخشى قارايدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ شۇنچە ياشنىپ قالغىنىغا قارىماي يەنە تىمەن، ساغلام ئىكەن، شۇنداقلا ھاياتىدىن ئۈمۈتۋار ھالدا يەنە بىر ئەسەر ئۈستىدە ئىشلەۋېتىپتۇ.

ئۇ بىزگە ۋەتىنىمىزنىڭ كېلەچىگى ھەققىدە توختۇلۇپ، مىللى داۋايىمىزئۈچۈن ئەڭ موھىمى ئىتتىپاقلىق ئىكەنلىگىنى، ۋەتىنىمىزنىڭ چوقۇم ئازات بولىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىمىزنىڭ مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ ئورتاق كۆرەش قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى تاپىلىدى.

99 - يىل 9 - ئاپرېل





## دەستۇرىمىز قۇرئان

مولللا زەيدىن

ئالللاھنىڭ گۈزەل زىمىنى شەرقىي تۈركىستان،
كاپىرلار باسماستا ئاياق، ئىدى گۈل - بوستان،
ھەممىمىز دىنىمىزدا ياشايتتۇق خوشال - خورام،
قاچان دىنىمىزغا ئەمەل قىلمىدۇق، ئۈچۈردى بىزنى قارا بوران.

بىز موسۇلمانلارنىڭ دەستۇرىمىز ئىدىغۇ قۇرئان،
ئەمەل قىلماي قۇرئانغا، بولدۇق بىز خانە - ۋەيران.
كاپىرلار زۇلمىدىن بولدۇق ھەر جايدا سەرسان - سەرگەردان
نىمە ئۈچۈن قۇللۇققا رازى بىز، بولمايمىز ھەيران؟

97 - يىلى 15 - فېۋرال پاكىستان

## بېيجىڭ - گۇاڭجۇ تۆمۈريولىدا يەنە بومبا پارتىلاش يۈزبەردى

ياۋروپادىكى خىتاي سودىگەرلىرى گېزىتىنىڭ خەۋەرىگە قارىغاندا، بۇيىل 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى بېيجىڭ - گۇاڭجۇ تۆمۈريول لىنىيىسىنىڭ خېبېيدىكى بېيجىڭغا تەخمىنەن 60 كىلومېتىر كېلىدىغان قىسمىدىكى تۆمۈريول كۆۋرىكى دەھشەتلىك پارتىلاپ، كۆۋرۈك ئوتتۇرىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشكەن، نەتىجىدە بېيجىڭ - گۇاڭجۇ تۆمۈريول لىنىيىسىدە پويىز قاتنىشى 7 سائەت ئۈزۈلۈپ قالغان.

بۇيىل 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى بۇ تۆمۈريول لىنىيىسىدە يۈزبەرگەن تۇنجى قېتىملىق پارتىلاشتا 10 دىن ئارتۇق پويىز بېيجىڭ. شىجاجۇاڭ، خەندەن قاتارلىق شەھەرلەردىكى پويىز ئىستانسىسىغا قاپسىلىپ قالغان ئىدى.

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نەشر قىلدى

